# خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان

1
2021

www.uysi.org

ISSN : 2757-9220

پەسىللىك سىياسىي - ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ئىلمىي ژۇرنال
2021 - يىللىق (يانۋار، فېۋرال، مارت) 1 - سان / ئومۇمىي 1 - سان



◆ ترامپىنىڭ سىياسىي مىراسى
م. تەڭرىقۇت

◆ خىتاي - يېڭى زېلاندىيە ئەركىن سودا شەرتنامىسى
مەلىكەزادە

◆ خىتاي ئارمىيەسى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدەملىرى
مۇھەممەدئەلى ئورخۇن

◆ خىتايچە بىرلىكسەپ ئەندىزىسى:
ب د ت ئومۇمىي كېڭىشى سايلام ئانالىزىدىن يەكۈنلەر
يالقۇن ئۇلۇغيول

◆ ۋەھىمە كۈلتۈرى
ئادىلجان ئەرتۈيغۇر

UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان

ULUSLARARASI VAZİYET VE DOĞU TÜRKİSTAN

(پەسىللىك سىياسىي، ئىقتىسادىي،
ئىجتىمائىي ئىلمىي ژۇرنال)

2021 - يىللىق 1 - سان (يانۋار، فېۋرال، مارت)
(ئومۇمىي 1 - سان)
قانۇنىي ۋەكىلى: دوكتور ئەركىن ئەكرەم

باش تەھرىر: م.تەڭرىقۇت

ئەسەر باھالاش ھەيئىتى:
ئەركىن ئەكرەم
ئابدۇرېھىم دۆلەت
رۇقىيە تۇردۇش
نىجات تۇرغۇن
ئادىلجان ئەرئۇيغۇر
يالقۇن ئۇلۇغيول

كوررېكتورلار:
پاسىبان
ئابدۇرېھىم دۆلەت
مەلىكەزادە

لايىھەلىگۈچى: ئا.بۇغرا

ISSN: 2757- 9220

ژۇرنال ئادرېسى:
Kızılay, İzmir-1 Cd. No: 33 D: 27,
06420 Çankaya/Ankara

## مۇندەرىجە

◀ دوكتور ئەركىن ئەكرەم
02 ژۇرنالغا كىرىش ..........

◀ م.تەڭرىقۇت
04 ترامپىنىڭ سىياسىي مىراسى ..........

◀ مەلىكەزادە
20 خىتاي - يېڭى زېلاندىيە ئەركىن سودا شەرتنامىسى ..........

◀ مۇھەممەدئەلى ئورخۇن
30 خىتاي ئارمىيەسى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدەملىرى ..........

◀ يالقۇن ئۇلۇغيول
54 خىتايچە بىرلىكسەپ ئەندىزىسى: ب د ت ئومۇمىي كېڭىشى سايلام ئانالىزىدىن يەكۈنلەر ..........

◀ ئادىلجان ئەرئۇيغۇر
68 ۋەھىمە كۈلتۈرى ..........

**كىتاب تونۇشتۇرۇش**

86 **لىۋىياتان** .......... **م.تەڭرىقۇت**

90 **دۇنيا تەرتىپى** .......... **ئادىلجان ئەرئۇيغۇر**

93 **ئىجتىمائىي پەنلەردە تەتقىقات ئۇسۇللىرى** ..........
**مۇھەممەد ئەلى ئورخۇن**

# جۇغراپىيە تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ

## ژۇرنالغا كىرىش سۆز ئورنىدا



**در.ئەركىن ئەكرەم**

ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى مۇدىرى.

يازما مەنبەلەر ۋۇجۇدقا چىققاندىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستان ھەر قايسى دەۋردىكى چوڭ كۈچلەرنىڭ رىقابەت، كۈچ تالىشىش ۋە تىركىشىش ساھەسى بولۇپ كەلدى. ھۇنلار دەۋرىدە ئاسىيادا ئەڭ چوڭ ئىككى كۈچ ھېسابلىنىدىغان ھۇنلار بىلەن خىتايلار شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئۈچ ئەسىر ئۆز-ئارا تىركەشتى. ھۇنلار شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن زور كۈچ چىقاردى. ئوخشاشلا كۆك تۈرك دۆلىتى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىمۇ شەرقىي تۈركىستاننى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئەينى دەۋردىكى خىتاي، تىبەت ۋە ئەرەب قاتارلىق كۈچلەر بىلەن تىنىمسىز كۈرەش قىلدى. چىڭگىزخانمۇ جۇرجانلار، تاڭغۇتلار ۋە خىتايلارنى مەغلۇپ قىلىشتىن بۇرۇن، شەرقىي تۈركىستان بولۇپ بارلىق تۈركىستاننى قولغا ئېلىشقا ئىرىشتى. ياقۇپ بەگ دەۋرىدە رۇسلار، ئىنگلىزلار ۋە مانجۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە سودا مەنپەئەتلىرىنى دەپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇزۇن مەزگىل ئۆز-ئارا رىقابەتلەشتى، ھەتتا تىركەشتى. زورۇڭتاڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى قايتىدىن ئىشغال قىلىۋېلىشى دەل يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى گېئو-پولىتىك (سىياسىي جۇغراپىيەلىك) مەنپەئەت توقۇنۇشى پەيدا قىلغان ۋەزىيەتنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۈستىدە چوڭ كۈچلەر تەرىپىدىن ئويلىنىۋاتقان سىياسىي تەڭپۇڭلۇق ئويۇنلىرى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن كۈچ مۇۋازىنىتى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتمەكتە. شەرقىي تۈركىستاندا 1933 ۋە 1944 - يىللىرىدا ۋۇجۇدقا چىققان مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يىمىرىلىشىدە رول ئوينىغان چوڭ كۈچلەرنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشى ئەڭ ئاساسلىق تاشقى سەۋەب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەل شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن غول تاشقى سەۋەبتۇر. 1945 - يىلى ئاۋغۇستتا جياڭ جېيشىنىڭ شەرقىي موڭغۇلىيەنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىۋېتىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشى، 1949 - يىلى ئىيۇندا ئامېرىكانىڭ شەرقىي تۈركىستاندا دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى، ستالىنىنىڭمۇ ماۋزېدۇڭنى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشقا

كۈشكۈرتىشى، ھەتتا بىر قوللۇق ياردەم قىلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1960 - يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىرىنىڭ داۋاملىشىشى قاتارلىق چوڭ ھادىسىلەر تاشقى ئامىللارغا ئۆرنەك بولالايدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا ئىشغال ۋە ئىشغالىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى پەيدا قىلغان. تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلار تىنىمسىز كۈرەش قىلىپ كەلمەكتە. كۈرەش جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاندا قانچىلىك قان ئاققانلىقىنى ۋە قانچىلىك شەرقىي تۈركىستان پەرزەنتىنىڭ شېھىت بولغانلىقى ھازىرچە بىزگە نامەلۇم.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈنچىلىك ئېغىر دەرىجىدىكى تىراگېدىيەلىك ھادىسىلەرگە دۇچ كېلىشى نوقۇل بۇ رايوننىڭ گېئو-ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى يەر ئاستى ۋە باشقا تەبىئىي بايلىقلىرىمۇ بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبىدۇر. تارىختا ئىنگلىزلار رۇسلارغا قارشى شەكىللەندۈرگەن «بۈيۈك ئويۇن»ئىستراتېگىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان قىسمىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن رۇسلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىر دائىرىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرغانىدى، ئوخشاشلا رۇسىيەمۇ ئىنگلىزلارنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن مانجۇ ئىمپېرىيەسى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنىدى. رۇسلار ئىشغال قىلىۋالغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر قىسىم رايونىنى مانجۇ ئىمپېرىيەسىگە قارشى كوزىر سۈپىتىدە ئىشلەتكەنىدى. ئىنگلىزلار بولسا گېئو-پولىتىك مەنپەئەتلىرىدىن سىرت شەرقىي تۈركىستاندا تىجارەت قىلىشنىڭ كويىدا ئىدى. رۇسلار مەنپەئەتلىرىدىن باشقا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى زور بولغان مەدەنلىرىنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ پىلانىنى سوقۇپ يۈرگەنىدى. شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىۋالغان خىتاي بولسا شەرقىي تۈركىستاننىڭ گېئو-پولىتىك ئورنىدىن پايدىلىنىش ۋە تەبىئىي بايلىقلىرىنى شۈمۈرۈش غەرىزىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ئىرقچىل زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتايغا قانداق ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى بار بولسا، ئوخشاشلا خىتاينىڭ رەقىبلىرى ئۈچۈنمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ شۇنچىلىك ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى باردۇر. كۈنىمىزدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خەلقئارانىڭ سىياسىي كۈنتەرتىپىدىن ئورۇن ئېلىپ، خەلقئارانىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرىگە ئايلاندى. خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن خەلقئارا كۈچلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئىنسانىي، ۋىجدانىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈشى، يەنە بىر قېتىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭمۇ تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇقەررەردۇر.

شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ تېخىمۇ مۇرەككەپ ھالغا كېلىدىغانلىقى شەكسىزدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئىنستىتۇتىمىز تەرىپىدىن چىقىرىلىشقا باشلىغان «خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان» ناملىق ژۇرنىلىمىزدا خەلقئارانىڭ ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئىلمىي جەھەتتىن ئانالىز قىلىنىش ئارقىلىق، مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنى يورۇتۇپ بېرىلىش بىلەن بىرگە، ھەل قىلىش يوللىرى ۋە چارىلىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. شۇنداقلا يېڭى دۇنيا تەرتىپىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئىلمىي جەھەتتىن چۈشىنىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك تەقدىرىنى قولغا ئېلىشنىڭ يولىنى ئىزدەيدۇ.



# تراmپىنىڭ* سىياسىي مىراسى

**م. تەڭرىقۇت**

ئىبىن خالدۇن ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمى دوكتورانتى.

E-mail: m.tanrkitut@gmail.com

**قىسقىچە مەزمۇنى:** تراmپ ئامېرىكاغا پىرېزىدېنت بولغان تۆت يىلنى ئامېرىكا ۋە دۇنيا سىياسىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. چۈنكى بۇ دەۋردە بۇرۇن سۇ يۇزىگە چىقمىغان نۇرغۇن زىددىيەتلەر ئۆزىنى كۆرسەتتى، دۇنيا سىياسىتىدە تەرەپلەر ئېنىق بولۇشقا باشلىدى، بىزگە يۇرگۇزۇلگەن زۇلۇم دۇنيا دۆلەتلىرى تەرىپىدىن تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە دىققەت – نەزەرگە ئېلىندى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتايغا بولغان ھوشيارلىقى ئاشتى ۋە دۇنيا ئامېرىكا ۋە خىتاينى چۆرىدىگەن ھالدا قايتىدىن شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئۇنداقتا، تراmپ بۇ بۇرۇلۇشنى بارلىققا كەلتۇرگەن كىشىمۇ ياكى ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىشكە باشلىغان بۇرۇلۇشنى تېزلەتتىمۇ؟ بۇ ماقالىدە نوختىلىق ھالدا تراmپ ھۆكۈمىتىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن سىياسىي مىراسى نېمە ۋە بۇ مىراس ئامېرىكا ۋە مەۋجۇت دۇنيا تەرتىپىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ دېگەن

* ئاساسلىقى تراmپ ھۆكۈمىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سوئالنى چۈرىدەپ تەھلىل يۈرگۈزۈلۈش بىلەن بىرگە، يەنە يۇقىرىقى ئىككى سوئال ھەققىدىمۇ توختىلىدۇ.

ماقالە تۆت بۆلەككە ئايرىلغان. بىرىنچى بۆلىكى ترامپنىڭ پرېزىدېنت بولۇشتىن بۇرۇن سىياسەتكە ئالاقىدار سۆزلىگەن سۆزلىرىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا پرېزىدېنتلىق يىللىرىدا تاقاپ قويۇلغان «تەخمىن قىلغىلى بولماسلىق» ماركىسىنىڭ تازا توغرا ئەمەسلىكى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ تۆت يىل جەريانىدا ئىچكى سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە ساھەسىدە قىلغان مۇھىم (توغرا ۋە خاتا) ئىشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئىچكى سىياسەت جەھەتتە، ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى قۇتۇپلىشىش، ۋىرۇسنى ياخشى كونترول قىلالماسلىقىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتكە بولغان تەسىرى ۋە ئەدلىيە ساھەسىدىكى ئۆزگەرتىشلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ . تاشقى سىياسەت جەھەتتە، ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمەتلەرنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك تاشقى سىياسىتىنىڭ ئەكسىچە، رايون خاراكتېرلىك سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ نوختىدىن چىقىش قىلغان ھالدا، ئوتتۇرا شەرق،ياۋروپا ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى سىياسەتلىرى تەھلىل قىلىنىدۇ. ترامپ دەۋرى تاشقى سىياسىتىنىڭ ئەڭ يارقىن نوختىسى بولغان خىتاي ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق ئۆزگەرگەنلىكى ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، شۇنداقلا، بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ دۇنيانىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى مۇساپىسىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى بىرقەدەر تەپسىلىي مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ترامپ، خىتاي ھۆكۈمىتى، ياۋروپا ئىتتىپاقى ، ئۇيغۇرلار، خەلقئارا سىستېما.

## كىرىش

مېنىڭ ھەرگىزمۇ پرېزىدېنت بولغۇم يوق، بۇ دۆلەتتە نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە ھەقىقەتەن تاقەتىم يوق، بىزنىڭ باشقا كىشىلەرنى پادىشاھتەك ياشايدىغان قىلىپ قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئوخشاش پېتى تۇرغىنىمىزنى كۆرگۈم يوق. مەن كۆپ نەرسە ھەققىدە ۋەدە بېرەلمەيمەن، لېكىن بىر نەرسىنى دېيەلەيمەن، ئامېرىكا 25 يىلنىڭ ئالدىقى بىزدىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتقانلاردىن نۇرغۇنلىغان پۇلنى قايتۇرۇۋالالايدۇ. ( 1987 - يىلى ، Oprah interview)

– ترامپ، سىز نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن ئامېرىكادىكى ئۈلگىلىك كىشى. شۇنداقلا پرېزىدېنت بولۇشقا ئەڭ لايىق كىشى دەپ قارىلىۋاتىسىز. سىز بۇنداق بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشنى خالامسىز؟

– نۇرغۇنلىغان زىيان ئىتتىپاقداشلىرىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ، ئەگەر بىز بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلمىساق، ئامېرىكا ئىنتايىن زور خەۋپنىڭ ئىچىدە قالىدۇ. بۇ دۆلەتكە بىر ئوپېراتسىيە دوختۇرى كېرەك، مەن بىرىنىڭ بۇنى قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن... باي كىشىلەر مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ. (1989 - يىلى، Interview)

مەن ئىراق ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەن ئەسكەرلەرنى ئىككى قېتىم قوبۇل قىلدىم، ئۇلار ناھايىتى چىرايلىق، كېلىشكەن ، لېكىن پۇت قوللىرى يوق، كۆزلىرى ياش...لېكىن ھېچكىم ئۇلار توغرۇلۇق گەپ قىلىشنى خالىمايدۇ. ( 2004 - يىلى، CNN)

بىزنى ھېچكىم بۇرۇنقىدەك ھۆرمەت قىلمايدىغان بولۇپ قالدى، بىز كىرمەسلىكىمىز كېرەك بولغان ئۇرۇشلارغا كىردۇق. ساددام ھۇسەيىن دۇنيا سودا مەركىزىنى پارتلاتمىغان ئىدى. ھەم ئىراقتىمۇ كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللار بايقالمىدى. (2007 - يىلى، CNN)

ئوباما تىجارەتنى چۈشەنمەيدۇ ياكى تىجارەتكە قارشىمۇ بىلمەيمەن، ئۇ ئادەتتە ساڭا ۋە ماڭا ئوخشاش كىشىلەر بىلەن ھەپىلەشىدۇ. مەسىلەن، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام، خىتاي بىلەن ھەپىلەشكەن بولاتتىم. خىتايلارنىڭ بۇ دۆلەتتە خالىغىنىنى قىلىشىغا، پېرېۋوت نىسبىتىنى مونوپول قىلىۋېلىشىغا يول قويۇش دۆتلۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. (Intelligent Investing, Forbes -2012)

مەن بەش يىلنىڭ ياقى گېپىنى قىلىپ كېلىۋاتقان خىتاي، تۇنۇگۇنلا كۆز ئالدىمىزدا، ئۆزىنىڭ پۇلىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈردى. پۇلنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلارغا مەن دەپ بېرەي، ئۇلار بىزگە « سىلەرنى بۇرۇن ھېچكىم ياساپ باقمىغان دەرىجىدە ياساۋاتىمىز» دەۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلالىشىدىكى سەۋەب، بىزنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئاجىز ۋە تايىنى يوق ئىكەنلىكىدۇر... پۇللىرىمىزنى بىزنىمۇ ياخشى كۆرمەيدىغان، بىزمۇ ياخشى كۆرمەيدىغان دۆلەتلەردە قۇرۇلۇش قىلىشقا ئىشلىتىۋاتىمىز، لېكىن نيۇيوركتا مەكتەپ سالىدىغان ئادەم يوق. ھەقىقەتەن قالتىس. ( 2014- CPAC)

سىياسەتچىلەر پەقەت گەپ قىلىدۇ، ھەرىكەت قىلمايدۇ. سىياسەتچىلىرىمىز ئامېرىكادىكى ئىشسىزلىق ۋە خىتاي ھەققىدە گەپ قىلمايدۇ. خىتاي بىزنى ئۆلتۈرمەكتە، ئامېرىكا ھەممە دۆلەتلەر ماللىرىنى ۋە مەسىلىلىرىنى تۆكمە قىلىدىغان يەرگە ئايلىنىپ قالدى. ...لېكىن بۇنى ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىيالمايسىلەر. ئۇلار پۈتۈنلەي ئۇلارغا لوببىچىلىق قىلغانلار، مەبلەغ ئىئانە قىلغانلار ۋە باشقا ئالاھىدە مەنپەئەتلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنغىلىق .... مەن ئامېرىكا پرېزىدېنتلىق سايلىمىغا قاتنىشىشنى قارار قىلدىم. مەن ئامېرىكانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى قايتىدىن تىكلەيمەن. (2015- يىلى پرېزىدېنتلىق سايلىمىغا قاتنىشىشقا قارار قىلىش نۇتۇقى)

بۈگۈندىن باشلاپ سودا، باج ۋە تاشقى سىياسەت قاتارلىق قارارلاردا ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. بۈگۈن مەن ھوقۇقنىڭ ۋاشىنگتون DC نىڭ قولىدىن ئېلىنىپ ئامېرىكا خەلقىگە بېرىلگەنلىكىنى جاكارلايمەن... (2016- يىلى 11-ئاينىڭ 8- كۈنى، سايلام غەلىبە نۇتۇقى ۋە 2017- يىلى 1-ئاينىڭ 20- كۈنى، ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتۇقى)

...

ترامپ ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولغان مەزگىللەردە ئۇنىڭ سىياسىتى ھەققىدە دېيىلگەن ئەڭ كۆپ سۆزلەردىن بىرى «كېيىنكى قەدەمدە نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ» ئىدى ۋە ترامپنىڭ ھەر بىر قارارى ناھايىتى «ھەيران قالارلىق»، «تۇيۇقسىز» ياكى «كۈتۈلمىگەن» دەپ سۈپەتلىنەتتى. لېكىن ترامپنىڭ پرېزىدېنت بولغانغا قەدەر سۆزلىگەن سۆزلىرى بىلەن پرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن قىلغان ئىشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور دەرىجىدە ماسلىشىشچانلىق ۋە ئوخشاشلىق مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس. مەسىلەن، خىتاي ۋە ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا ئىقتىسادى جەھەتتىن قاتتىق قول بولىدىغانلىقى ئۇ بۇرۇندىن تارتىپ سۆزلەپ كېلىۋاتقان گەپ ئىدى. ترامپنىڭ بۇرۇنقى ھاياتى، ئامېرىكا ۋە دۇنيا سىياسىتىگە بولغان كۆز قارىشىنى بىلگەن بولساق، بەلكىم ئۇنىڭ قانداق سىياسەت يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئاز - تولا بىلەلىگەن بولۇشىمىز مۇمكىن ئىدى. قارايدىغان بولساق، تۆت يىللىق ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ چوڭ جەھەتتىن « ترامپنىڭ تاشقى سىياسىتى» بولغانلىقىنى بايقايمىز.[1]

يۇقىرىدا بېرىلگەن ئۇزۇندىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ترامپ پرېزىدېنت بولۇشنى ئويلاپ باقمىغان،

شۇنداقلا پرېزىدېنت بولۇش ئۇ ئۈنچە ياقتۇرۇپ كېتىدىغان بىر ئىشمۇ ئەمەس. بۇ ماقالىدە ترامپىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە توختالمايمىز، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي سەھنىگە قەدەم قويۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى نۇقتىلارنى سۆزلەپ ئۆتىمىز. ترامپ 1971 - يىلى دادىسى داۋام قىلىپ كەلگەن ئۆي - مۈلۈك ۋە قۇرۇلۇش بىناكارلىق بىر گەۋدىلەشكەن ئائىلە شىركىتىنى قولىغا ئالغان. ئۇ دادىسىنىڭ ئېھتىياتچانلىقىنىڭ ئەكسىچە تەۋەككۈلچىلىك بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شىركەتنى مانختتان، ئاتلانتىك شەھىرى ۋە يېقىن جىرسىي قاتارلىق رايونلارغا كېڭەيتكەن. تىجارەت دائىرىسىنى ئۆي- مۈلۈك ۋە قۇرۇلۇش بىناكارلىقىدىن باشقا يەنە ئاۋىياتسىيە، مائارىپ، تەنتەربىيە، تېلېۋىزىيە، قىمارخانا قاتارلىق ساھەلەرگە كېڭەيتىش ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا ئامېرىكادىكى ئەڭ كاتتا مەبلەغ سالغۇچىغا ئايلانغان.[2] ئۇ يەنە «ترامپ» ماركىسىنى بەرپا قىلىپ، بۇ ماركىنى يېمەك -ئىچمەكتىن تارتىپ، كىيىم - كېچەككىچە بولغان نۇرغۇن ساھەلەرگە سېتىپ بېرىش ئارقىلىق نۇرغۇن ئىقتىسادى كىرىم ياراتقان. 1990 - يىللىرىدىكى كىرىزىستا قاتتىق زىيان تارتىپ ۋەيران بولۇشقا ئاز قالغان بولسىمۇ، يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن، قايتىدىن ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرگەن.

بۇ ۋاقىتتا ترامپ تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا پەيدا بولۇپ كارخانىچىلىق ساھەسىدىكى چولپانغا، شۇنداقلا، ئامېرىكالىقلارنىڭ قەلبىدىكى ئۈلگىلىك شەخس (role model) كە ئايلانغان. ئۇ ئىقتىساد ۋە ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدە ئىككى كىتاب يازغان. ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدىكى پىروگراممىلىرى ۋە ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىغا بولغان باھالىرى سەۋەبلىك نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭدىن پرېزىدېنت بولغۇسى بار - يوقلىقىنى سوراشقا باشلىغان. باشتا ترامپ بۇنداق بىر ئويىنىڭ يوقلىقىنى ئوچۇق ئېيتقان. ئەمما تېلېۋىزورلاردا كىشىلەر ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە كۆپ سوئال سورىغان ۋە ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.[3] ئۇ 2000 - يىلى «بىزگە يارىشىدىغان ئامېرىكا» (The America We Deserve) ناملىق بىر كىتاب يازغان ۋە ئامېرىكانىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ لىبېرال، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ كونسېرۋاتىپ بولۇشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان.[4] 2006 - يىللاردا تىۋىتتېر پەيدا بولغاندىن كېيىن ترامپ بىلەن ئۇنى قوللىغۇچىلار ئارىسىدا (تىۋىتتېرنىڭ @ ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق) بىۋاسىتە ئالاقە شەكىللەنگەن. بۇ ۋاقىتتا ترامپنى پرېزىدېنت بولۇشقا دەۋەت قىلىدىغانلار، ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلىغانلار ۋە ئۇنىڭ پرېزىدېنت بولۇشىنى قوللايدىغانلارنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئېشىشقا باشلىغان ۋە بۇنىڭ بىلەن ترامپ سىياسىي سەھنىگە كىرىشنى قارار قىلغان.[5] ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىگە كىرگەن ۋە 2012-يىلىدىن باشلاپ ئاكتىپ بولۇشقا باشلىغان. 2015-يىلى ئۆزىنىڭ پرېزىدېنت سايلىمىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ۋە 2016-يىلى سايلامدا غەلىبە قىلىپ 2021-يىلىنىڭ بېشىغىچە ئامېرىكاغا پرېزىدېنت بولغان. دېمەك سىياسەتكە باشتىن ئاخىر ئىستەكسىز پوزىتسىيەدە بولغان ترامپ ئاخىرى سىياسىي سەھنىگە كىرگەن ۋە كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئاسانلىقچە كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدىغان ۋەقەلەرنىڭ باش ئاكتىيورىغا ئايلانغان.

ترامپ ھوقۇق تۇتقان مەزگىل ئامېرىكا تاشقى سىياسىتى ۋە خەلقئارا سىستېما ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. ترامپ ھۆكۈمىتى يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان لىبېرال تاشقى سىياسەتنىڭ ئورنىغا روزۋېلتتىن بۇرۇنقىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان[6] كونسېرۋاتىپ تاشقى سىياسەت

يۈرگۈزدى.[7] بۇ تاشقى سىياسەتنىڭ مېۋىسى بولغان خىتاي بىلەن كۆپ تەرەپلىك توقۇنۇش، ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋەتنىڭ يىرىكلىشىشى ۋە خەلقئارالىق ئورگانلاردىن چېكىنىپ چىقىش ياكى پاسسىپ تۇرۇۋېلىش قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسىدە خەلقئارا سىستېمىدا ئامېرىكانىڭ، جۈملىدىن غەربنىڭ كۈچى نىسبەتەن ئاجىزلىدى ۋە بۇنى ھازىر خىتاي تولدۇرۇشقا تىرىشماقتا.[8] بۇنىڭدىن سىرت ترامپ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىچكى سىياسەتتىكى قۇتۇپلىشىش ۋە كونسېرۋاتىپلىشىشمۇ ئامېرىكا جەمئىيىتىگە ئۆزگىچە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى سۆزلەنمەكتە. قىسقىسى، ترامپنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە تاشقى سىياسىتى خىتايدىن كەلگەن ۋىرۇسنىڭ زەربىسى بىلەن بىرلىشىپ، خەلقئارا سىستېمىدىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ۋە گېئوپولىتىكا نۇقتىسىدىن روشەن ئۆزگىرىشنى مەيدانغا كەلتۈردى. خىتايدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ خىتاينىڭ يۈكسىلىشىگە بولغان ھوشيارلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ترامپ ھۆكۈمىتى قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ مىراس دۇنيا سىياسىتىگە خېلى ئۇزۇن تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ ماقالىنىڭ مەقسىتى ترامپنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ دۇنياغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ۋە يېقىن كەلگۈسىدە يەنە قانداق تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىنلىكىنى تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت.

ماقالىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي مىراسىنى دۆلەت ئىچى سىياسىتى ۋە تاشقى سىياسەتتىن ئىبارەت ئىككى كاتېگورىيىگە ئايرىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز ۋە بۇ سىياسەتلەرنىڭ تەسىرى ۋە ئۇلارنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىمىز.

## دۆلەت ئىچى سىياسىتى

ترامپنىڭ ئىچكى سىياسىتىنى ئەگرى - توقايلىققا تولغان بىر جەريان دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ باشتا كېلىدىغىنى ۋىرۇسنى ھەل قىلىشتىكى «تەدبىرسىزلىكى» ۋە ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى بۆلۈنۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى، خىتايغا قارشى قاتتىق قول بولۇش ھەققىدە خەلق ۋە ھەر قايسى پارتىيەلەردە ئورتاق تونۇشنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئەدلىيە سىستېمىسىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئالەم بوشلۇقى ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ترامپ دەۋرىدىكى ئامېرىكا ئىچكى سىياسىتىنىڭ ئەڭ يارقىن نۇقتىلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ نوختىلار ھەققىدە بىر ئاز توختىلىمىز.

1. ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى بۆلۈنۈش ھەققىدە، دۇنيا خەلقىگە بۇ ئېغىر بۆلۈنۈشنى ترامپنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى سۆزلەنمەكتە.[9] بولۇپمۇ 6-يانۋار دۆلەت مەجلىسى بىناسىغا قىلىنغان ھۇجۇم ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىككى پارتىيەنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار ئامېرىكادىكى قۇتۇپلىشىشنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى، شۇنداقلا دېموكراتىيەنىڭ ئېغىر سىناققا ئۇچرىشى دەپ قارالماقتا. نەتىجە ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا ھەقىقەتەن شۇنداق. لېكىن مەسىلىگە يەنە بىر تەرەپتىن قارىغان ۋاقتىمىزدا ترامپنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى ئامېرىكا سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتەلمەي كەلگەن، سىياسەتچىلەر تەرىپىدىن مەنپەئەتى ۋە تەلەپلىرى بىر تەرەپكە ئىتتىرىپ قويۇلغان، ئالىي مەكتەپتىن تۆۋەن سەۋىيەدىكى ئاق تەنلىك ئامېرىكالىقلارنىڭ ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىققانلىقىنى كۆرەلەيمىز.[10] بۇنى

ترامپ كەلتۈرۈپ چىقاردى دېيىشنىڭ ئورنىغا مەۋجۇت رېئال زىددىيەتنى ئاشكارىلىدى دەپ قاراش بەكرەك مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن.[11] ئەگەر ترامپ ئۇلارنىڭ تەلپىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقمىسا، ئۇلارنىڭ ئاۋازى بېسىلىپ تۇرۇۋەرسە ۋە سىياسەت بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈنلا خىزمەت قىلسا بۇنى دېموكراتىيە دېگىلى بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما ترامپ «سىياسەتچى» بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئەھۋالنى ئۆزىنىڭ سىياسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. بۇنداق قىلماسلىقى كېرەكمىدى؟ ياكى بۇرۇن باشقىلىرى بۇنداق قىلمىغانمۇ؟ ۋە ياكى بۇنى ھەل قىلىشنىڭ باشقا چارىسى بارمىدى؟ بۇنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ترامپىنىڭ قارا تەنلىكلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە پوپۇلىست (ئاۋامچىل) سىياسەت يۈرگۈزۈشىنىڭ ئامېرىكا دېموكراتىيەسىنى ئېغىر سىناققا ئۇچراتقانلىقى سۆزلەنمەكتە.[12] لېكىن پوپۇلىست سىياسەت يېقىنىنقىياقى دۇنيادا ئەۋج ئېلىۋاتقان خەتەرلىك يۈزلىنىش بولۇپ، ترامپ بۇنى باشلاپ بەرگۈچى ئەمەس، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى پوپۇلىست لىدېرمۇ ئەمەس.[13] ئەلۋەتتە بۇ ترامپىنىڭ ياكى باشقا دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ پوپۇلىست سىياسەت يۈرگۈزۈشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ.

2 . ترامپىنىڭ ۋىرۇسنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى تەدبىرسىزلىكى ئامېرىكا خەلقى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئامېرىكاغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە ئامېرىكانىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىنى چۈشۈردى.[14] ترامپ باشتا ۋىرۇس بىلەن جەڭ قىلىش ئىقتىسادى جەھەتتىن كۆپ يۈك ئېلىپ كېلىدۇ ۋە بۇرۇنقى ئىقتىسادى مۇۋەپپەقىيەتىمىزنى بىكار قىلىپ، كېيىنكى قېتىملىق سايلامغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىدى.[15] كەڭ كۆلەمدە يامراپ كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا يېتەرلىك تەدبىر قوللانمىدى، ھەتتا ماسكا تاقاش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرمىدى. نەتىجىدە ئامېرىكا دۇنيادا ۋىرۇسنىڭ زىيىنىغا ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان دۆلەتكە ئايلاندى ۋە 511 مىڭ كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى.[16] PEW تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، دۇنيانىڭ لىدىرى دەپ قارالغان بىر دۆلەتنىڭ ۋىرۇس مەسىلىسىدە بۇ قەدەر قابىلىيەتسىز بولۇشى كىشىلەرنىڭ ئامېرىكاغا بولغان ئىشەنچىنى زور دەرىجىدە تەۋرىتىۋەتكەن.[17] بۇ مەسىلىسىنى ئامېرىكا ئىچكى سىياسىتىنىڭ تاشقى سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

3. ترامپ گەرچە جەمئىيەتتە بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، ئامېرىكا سىياسەت سەھنىسىدە خىتاينىڭ ئامېرىكاغا قاراتقان جاسۇسلۇق ھەرىكىتى ، تور ھۇجۇملىرى، ۋىرۇس مەسىلىسىدىكى سەممىيەتسىزلىكى، كىشىلىك ھوقوق دەپسەندىچىلىكى ۋە لىبېرال خەلقئارا سىستېمىغا خەتەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق خىتاي مەسىلىسى ھەققىدە ئىچكى جەھەتتىن بىرلىشىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.[18] ماقالىنىڭ بېشىدا بېرىلگەن زىيارەتلەرنىڭ ئۇزۇندىلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ترامپىنىڭ خىتايغا بولغان پوزىتسىيەسى بۇرۇندىن تارتىپلا ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىنى ئادىل ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ترامپ ھۆكۈمىتى خىتايدىن كېلىدىغان سودا، بىخەتەرلىك، ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئىدېئولوگىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەھدىتلەرنى ئامېرىكا خەلقى، شۇنداقلا دۇنيا جامائەتچىلىكىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇرۇنقى ھەرقانداق ھۆكۈمەتكە قارىغاندا كۆپ كۈچ چىقاردى دېيىشكە بولىدۇ.

ئامېرىكانىڭ دۆلەت ئىچى سىياسىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ترامپنىڭ خىتايغا قاتتىق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچىسى، تىجارەت كېلىشىمىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، ئىككىنچىسى بولسا خىتايدىن كەلگەن ۋىرۇستىن ئىبارەت.[19] چۈنكى ترامپ 2017 - يىلى دۆلەت ئىچىدە ئىمزالىغان باج كېلىشىمى بىلەن ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادى 3% ئېشىپ ، ئىقتىسادتا ئاز كۆرۈلىدىغان گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن ۋە ترامپ سايلامدا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولغان.[20] يەنە تۆت مىليون كىشى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ئامېرىكادىكى ئىشسىزلىق نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشكەن.[21] لېكىن كېيىن خىتاي بىلەن ئىمزالىغان سودا كېلىشىمىدە خىتاينىڭ كېلىشىم مەزمۇنىغا ئەمەل قىلماسلىقى، سودا ئۇرۇشىنىڭ كەسكىنلىشىشى، شۇنداقلا، ئەڭ ئاخىرىدا ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشى نۇرغۇن كارخانىلارنىڭ تاقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. نەتىجىدە ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ تارىختىكى ئەڭ چوڭ ئىشسىزلىق كېلىپ چىققان.[22] پەقەت 2020 - يىلىلا مەھسۇلاتلىرى خىتايغا ئېكسپورت قىلىنماي زىيان تارتقان دېھقانلارغا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 50 مىليارد دوللار تولۇقلىما بەرگەن. ئەمما شۇنداق بولسىمۇ، 2020 - يىلى ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادى G7 دۆلەتلىرىنىڭ ئىچىدە يەنىلا 1 - ئورۇندا تۇرغان.[23] بۇ مەسىلىلەردىن باشلانغان زىددىيەت خىتاي ھەققىدە نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇنىڭغا ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشى ھەققىدە ئوچۇق - ئاشكارا ۋە سەممىي بولماسلىق، تاشقى سىياسەتتە ئۆكتەملىك قىلىش، تىبەت، خوڭكوڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىق، بۇ رايونلارغا مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلەرنى كىرگۈزمەسلىك، يالغان ئۇچۇر تارقىتىش ...قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. لېكىن ترامپ ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئويۇن ئويناشىغا يول قويمىدى ۋە ئاخىرىغىچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ماھىيىتىنى دۇنياغا كۆرسىتىش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. نەتىجىدە ئامېرىكادا ئاۋام خەلقتىن سىياسەتچىلەرگىچە خىتايغا قارشى قاتتىق قول بولۇشتا ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاق كۆز قاراش شەكىللەندى.

4. ئىچكى سىياسەت جەھەتتە ترامپ ئامېرىكا ئەدلىيە ساھەسىدە تەسىرى يەنە 10 يىللارغىچە داۋاملىشىدىغان مىراستىن بىرنى قالدۇرۇپ كەتتى.[24] ئۇ تۆت يىلدا جەمئىي 229 ئەدلىيە ئەمەلدارىنى ۋەزىپىگە قويغان بولۇپ (ئوباما سەككىز يىلدا 54 نى تەيىنلىگەن)، بۇ ترامپنىڭ پىرېزىدېنتلىقى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ ئاخىرلاشمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

5. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ترامپ يەنە 738 مىليارد دوللار ئاجرىتىپ، ئامېرىكانىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان بوشلۇق ئارمىيەسى (Space Force) نىڭ قۇرۇلۇشىنى تەستىقلىغان.[25] بۇ پىلاننى ترامپ ئىزچىل قوللاپ كەلگەن بولۇپ، ئامېرىكانىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنىڭ سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئىنتېرنېت تورى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان يېڭىچە ھەربىي ئىنقىلاب دەۋرىدە، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى سۆزلەنمەكتە.[26]

## تاشقى سىياسەت جەھەتتە

ترامپنىڭ تاشقى سىياسىتىگە ئومۇمىي جەھەتتىن باھا بېرىش ھەقىقەتەن بىر ئاز قىيىن بولۇشى مۇمكىن. مەزكۇر ھۆكۈمەتنىڭ تۆت يىللىق تاشقى سىياسىتىگە قاراپ چىققاندا، بۇرۇنقى ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرىدىن پەرقلىق تەرىپىنىڭ، تاشقى سىياسەتنى دۇنياۋى دەرىجىدە ئەمەس، رايونلۇق دەرىجىدە تاللاش خاراكتېرلىك يۈزگۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ. ئامېرىكانىڭ كۈچىنى ئىلگىرىكىدەك پۈتۈن دۇنياغا قارىتىشتىن بەكرەك، ئوتتۇرا شەرق ۋە شەرقىي ئاسىيا قاتارلىق نۇقتىلىق دەپ قارالغان رايونلارغا يۆتكىدى دەپ قاراش بەكرەك توغرا بولۇشى مۇمكىن. تاشقى سىياسەت جەھەتتە خىتاي ۋە ياۋروپاغا قاراتقان سىياسىتى بۇندىن كېيىنكى تەسىرىنىڭ زور بولۇشى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي سىياسىتى كەڭ دائىرىلىك، كۆپ قاتلاملىق ۋە ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈنگەن مەسىلە بولغاچقا، بۇ ھەقتە بىر ئاز تەپسىلىي توختىلىمىز.

ھەقىقەتەن، ترامپنى ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ناچار پىرېزىدېنت دېگۈچىلەر بولدى، ئامېرىكانى تۆت يىل بۇرۇنقى ھالىتىگە قارىغاندا ئاجىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى، دېموكراتىيەنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈردى، دېگۈچىلەرمۇ بولدى.[27] لېكىن ، دۆلەت ئىچىدە ترامپقا قارشى چىققۇچىلار بولسۇن ياكى دېموكراتىك دۆلەتلەردىكى باشقا دۆلەت رەھبەرلىرى بولسۇن، كۆپىنچىسى بىر مەسىلىدە، يەنى خىتاي سىياسىتىدە ترامپنى ئەيىبلىمىدى . چۈنكى ترامپ ھۆكۈمىتى خىتاي ھەققىدە بىر قانچە رېئال تەھدىتلەرنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقتى ۋە بۇلار ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەر ئىدى.

1 . خىتاينىڭ مەۋجۇت لىبېرال خەلقئارا سىستېمىغا ھەقىقىي تەھدىت سالغۇچى سىستېما خاراكتېرلىك رەقىب ئىكەنلىكىنى دۇنياغا كۆرسەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى مەيلى بەزى تەتقىقاتچىلار (كۆپىنچە غەربلىك تەتقىقاتچىلار) ئېيتقاندەك، لېنىنىست پارتىيە دۆلىتى[28] بولسۇن ياكى قەدىمكى چىن-خەن سۇلالىسى دۆلەت سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان خىتايچە دىكتاتور دۆلەت[29] بولسۇن، ئىدېئولوگىيە ۋە دۆلەت سىستېمىسى دىكتاتورلىقنى ئاساس قىلغان، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەس، ھاكىمىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ، باشقۇرۇشتا قانۇننى پىرىنسىپ ئەمەس، بەلكى ۋاستە دەپ قارايدىغان (rule by law rather that rule of law) [30] بىر دۆلەت ياكى سىستېما بولۇپ، شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ھاكىمىيەتنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان ۋە دۆلەتتە قانۇن ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئادالەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سىستېما بىلەن بىر – بىرىگە تۈپتىن زىتتۇر. بۇ خىتاينىڭ سىستېما خاراكتېرلىك رىقابەتچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن نۇرغۇن غەربلىك سىياسەتچىلەر (ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن مۇسۇلمان سىياسەتچىلەرمۇ ئوخشاش) خىتاي ھاكىمىيىتىنى يادا بولۇپ كەتكەن كۈنگزىچىلىق ۋە كۈنگزى پەلسەپەسىنىڭ مېھرىبانلىق، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئىناق ئۆتۈش دېگەندەك تەرغىباتلىرىنى ئاساس قىلىپ چۈشىنىپ كەلمەكتە. ئېچىنىشلىق بولغىنى شۇكى، چەتئەللىكلەر دەۋاتقان كۈنگزىچىلىق خەن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى كۈنگزىچىلىق بولۇپ، ئەمەلىيەتتە خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، كۈنگزىچىلىق ئىسمى بار جىسمى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. مايك پومپېيونىڭ خىتاي ئىشلىرى ئالىي مەسلىھەتچىسى، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە ئاكادېمىيەسىدىن پېنسىيەگە چىققان

پىروفېسسور مايلىس يۈ (Miles Yu) بۇرۇنقى ئامېرىكا سىياسەتچىلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك خاتالىق سادىر قىلىپ كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.[31] سىياسەتچىلەرمۇ خېلى كۆپ ساندىكى تەتقىقاتچىلارغا ئوخشاش خىتاينى تىنچلىقپەرۋەر، باشقىلارغا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ۋە دۆلەت سىستېمىسىنى تاڭمايدۇ، چۈنكى تارىختىمۇ تېڭىپ باقمىغان، خىتاينىڭ خەلقئارا سىستېمىغا بولغان تەھدىتى كۆپتۈرۈۋېتىلگەن ، شۇڭا خىتاي مەۋجۇت خەلقئارا تەرتىپكە جەڭ ئېلان قىلمايدۇ[32] دەپ قارايدۇ. بۇ بەلكىم سىياسەتتىكى ئەڭ مەنتىقسىز كۆز قاراش ۋە ئەڭ كېسەل بىر جۈملە بولۇشى مۇمكىن. نۇرغۇن غەربلىك تەتقىقاتچىلار خىتاينىڭ تارىختا قانچىلىك سىستېمىلارغا ۋە مەدەنىيەتكە جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنى، قانچىلىك خەلققە ئۆزىنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى تاڭغانلىقىنى بىلمەيدۇ. لېكىن ترامپ ھۆكۈمىتى دۇنيا سىياسەت ۋە ئاكادېمىيە ساھەسىدىكى بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر خىل يوللار بىلەن مەۋجۇت دۇنيا تەرتىپىگە جەڭ ئېلان قىلمۇۋاتقانلىقى، ئىدېئولوگىيە ۋە دۆلەت تۈزۈمىنى ئېكسپورت قىلمۇۋاتقانلىقىنى كەسكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى.[33]

2. خىتاينىڭ ئىنتېرنېت بىخەتەرلىكىگە ئېلىپ كېلىدىغان تەھدىتى ھەققىدە دۇنياغا سىگنال بەردى.[34] 2017- يىلى خىتايدا يولغا قويۇلغان بىخەتەرلىك قانۇنىنىڭ روھى بويىچە خۇاۋېينىڭ ئۈچۈرلارنى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئورتاقلىشىشى كېرەكلىكى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولسىمۇ،[35] نۇرغۇن دۆلەتلەر، ھەتتا غەرب دۆلەتلىرىمۇ خۇاۋېي بىلەن 5G ئىنتېرنېت قۇرۇلۇشى ھەققىدە توختام تۈزۈشكەن ئىدى. ئامېرىكانىڭ خۇاۋېينىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەكشۈرۈپ چىقىشى ۋە خىتاي شىركەتلىرى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ھەققىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىنچىكىلەپ ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن ئاز بولمىغان دۆلەتلەر خۇاۋېي بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى توختاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكانىڭ خۇاۋېينىڭ خەتەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى نوكىيا ۋە ئېرىكسىن قاتارلىق شىركەتلەرگە 5G ساھەسىدە بىر كىشىلىك ئورۇن ئىگىلەش پۇرسىتى بەردى.[36] بۇ ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۈچ شىركەتنىڭ بۇ ساھەدە بولۇشى بىلەن خۇاۋېينىڭ مونوپوللۇقى بۇزۇپ تاشلىنىپلا قالماي، يەنە خۇاۋېي ئېھتىياتچان بولۇشقا، خالىغانچە باشقىلارنىڭ ئۇچۇرىنى ئوغرىلاشتا ئېھتىيات قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئەڭ مۇھىم بولغىنى نوكىيا ۋە ئېرىكسىن قاتارلىق بىخەتەر مۇلازىمېتىرلار پۈتۈنلەي تورلاشقان ۋە رەقەملەشكەن دۇنيارىمىزنىڭ بىخەتەر بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، خۇاۋېي بىلەن باشلانغان تالاش - تارتىشلار ئارقىلىق خىتاي يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلىرى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچۈرلارنى ئورتاقلىشىش، مونوپوللۇق سىياسىتى يۈرگۈزۈش، چەتئەل تېخنىكا شىركەتلىرىنى تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە زورلاش قاتارلىق ھەر خىل مۇناسىۋەتلىرى تەرەپ – تەرەپتىن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى.[37]

3. خىتايدىكى ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى دۇنياغا ئاشكارىلىدى. ئەڭ باشتا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان فاشىستلارچە قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىسپاتلىرى بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە كۆرسىتىلدى. بۇ جەرياندا ماركو رۇبىيو، مايك پومپېيو قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئەمەلدارلىرى بۇ دەپسەندىچىلىككە بىۋاستە ئارىلاشتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىگە ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقىش ھەققىدە چاقىرىق قىلدى. جازا لاگېرلىرى قۇرۇشتىن تارتىپ، ئاياللارنى مەجبۇرى تۇغماس قىلىۋېتىش ، ئائىلىنى پارچىلىۋېتىش، يۇقىرى يەن – تېخنىكا بىلەن نازارەت قىلىش،

مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىش، رايوننى قامال قىلىش، يالغان ئۇچۇر تارقىتىش قاتارلىق نۇرغۇن جىنايەتلەرنىڭ ئىزچىل ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلۈشى ۋە پاكىتلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلىش بىلەن دۇنيا خەلقى ئۇيغۇرلارغا قىلىنىۋاتقان زۇلۇمدىن چۆچۈدى ۋە ھەيران قالدى. ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان يۇقىرى پەن – تېخنىكىلىق ئۇسكۇنىلەر بىلەن كۆزىتىش سىياسىتى خىتايدىن دۇنياغا، بولۇپمۇ غەرب دۇنياسىغا كېلىدىغان يۇقىرى تېخنىكا بىلەن بىرلەشكەن دىكتاتورلۇق (high-tech authoritarianism) تەھدىتىنىڭ سىگنالىنى بەردى.[38] خىتاينىڭ سۇنئىي ئەقىل شىركەتلىرىدىن تارتىپ لاگېرلىرى (گۇلاگلىرى) پۈتۈن دۇنيانى چۆچۈتتى. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ قورقۇنچلۇق ماھىيىتىنى ۋە خىتايدا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ نەقەدەر ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى... ئەلۋەتتە دۇنيا دۆلەتلىرى خىتاي بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ ۋە بۇ ۋەھشىيلىكلەرنى توسامدۇ، بۇ باشقا مەسىلە.

2. ۋىرۇسنىڭ مەنبەسى ۋە مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلۈش جەريانىدا، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇچۇرلارنى قامال قىلىدىغان ماھىيىتى ئاشكارىلاندى ۋە خىتاي رەھبەرلىك قىلغان دۇنيانىڭ قاراڭغۇ بىر دۇنيا بولىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى بېرىلدى.[39] ۋىرۇس خىتايغا ماددىي جەھەتتىن پايدا ئېلىپ كەلدى، لېكىن يۇمشاق كۈچىنى زىيانغا ئۇچراتتى. ۋىرۇس سەۋەبلىك دۇنيا مىقياسىدا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى خىتاينىڭ ئېكسپورتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.[40] گەرچە ئېشىش سۈرئىتى نورمال يىللاردىكىگە قارىغاندا تۆۋەن بولسىمۇ، ئەمما باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا زور پەرق ھاسىل قىلدى. رېئالىست خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيەسىگە ئاساسەن ئادەتتە دۆلەتلەرنىڭ كۈچىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل بىر دۆلەتنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشى ئەمەس، بەلكى باشقا دۆلەتكە قارىغاندا قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشى، يەنى نىسپىي غەلىبە (relative gain) تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.[41] بۇ نوختىدىن قارىغاندا ۋىرۇس خىتايغا ئەۋزەللىك ئاتا قىلدى. لېكىن ۋىرۇسنىڭ بايقىلىشى، خەتەرلىك دەرىجىسى ۋە دۇنياغا ئاشكارىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇچۇرنى قامال قىلىشى، يالغان سۆزلىشى ۋە ۋىرۇسنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاش مەسىلىسىدە مۇتتەھەملىك قىلىپ تۇرۇۋېلىشى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۇچۇرلىرىغا بولغان ئىشەنمەسلىك خاھىشىنى كۈچەيتتى.[42] تارىختىكى ھەر قانداق يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن دۆلەتلەرگە ئوخشاش خىتايمۇ خەلقئارا سەھنىدە ھۆكۈم چىقارغۇچى ۋە قائىدە - تەرتىپ بېكىتكۈچى بولۇشنى ئويلاۋاتىدۇ.[43] ئەمما ۋىرۇس ئوتتۇرىغا چىقارغان رېئاللىق خىتايچە ھاكىمىيەت سىستېمىسىنىڭ دۇنياغا گۈزەل كېلەچەك ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ۋىرۇسنى مەركەز قىلغان مەسىلىلەر ئەمەلىيەتتە يىللاردىن بېرى تالاش - تارتىش بولۇپ كېلىۋاتقان غەرب دۇنيا تەرتىپىگە قارشى خىتاي دۇنيا تەرتىپىنىڭ ياخشى نامزات بولالايدىغانلىقى ھەققىدىكى ئايىغى چىقماس مۇنازىرىنىڭ جاۋابىنى بەرگەندەك بولدى. نەتىجىدە خىتاينىڭ دۆلەت سىستېمىسى ۋە ئىدېئولوگىيە ئىمپورت قىلىش پىلانىغا زور زەربە بولىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن قىلغان تۆت يىللىق جېدىلى دۇنيانىڭ دىققەت نەزىرىنى خىتايغا بۇرىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك، بەزى دۆلەتلەر خىتاي رەھبەرلىك قىلغان دۇنيانىڭ ئۇنچە گۈزەل بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.[44] ئەڭ مۇھىم بولغىنى، خىتاينىڭ دىكتاتور دۆلەت ئىكەنلىكىدە ئاساسەن ئورتاق قاراش مەيدانغا

كەلدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر خىتاينىڭ تىيەنشا (天下) سىستېمىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، خىتاينىڭ دۆلەت سىستېمىسى ۋە تايانغان باشقۇرۇش پەلسەپەسى ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى . خىتاي ھەققىدە كۆپ ئىلمىي يىغىنلار ئۇيۇشتۇرۇلدى، كىتابلار يېزىلدى، دوكلاتلار ھازىرلاندى. خىتاينىڭ ئىقتىسادى، سىياسىي، پەن - تېخنىكا ۋە ھەربىي ساھەلىرى كەڭ كۆلەمدە تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ ناھايىتى مۇھىم، ھازىر نۇرغۇن دۆلەتلەر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە دەل خىتاينىڭ تېز كۈچىيىشى، تېز كېڭىيىشى، لېكىن باشقىلارنىڭ خىتايىنى چۈشەنمەسلىكىدۇر. ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا ئومۇمىيۈزلۈك جەڭ ئېلان قىلىشى بىلەن خىتاينى تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىش دۇنيا سىياسىتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ تەتقىقاتلار خىتاينىڭ كۈچىيىشىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭغا قارىتا قانداق سىياسەتلەرنىڭ بەلگىلىنىشى كېرەكلىكى ھەققىدە زۆرۈر بولغان ئۇچۇر ۋە ئىستراتېگىيەلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت : ئىستراتېگىيەلىك خاتالىق

ئامېرىكانىڭ ياۋروپا ۋە باشقا ئىتتىپاقداشلىرىغا يېتەرلىك بىخەتەرلىك تۈيغۇسى بەرمەسلىكى ئەمەلىيەتتە ئوباما دەۋرىدە باشلانغان.[45] مەسىلەن، ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تەرەپلىمە قارار چىقىرىپ، پولشا ۋە چېخىيە ئورۇنلاشتۇرۇلماقچى بولغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى توختىتىپ قويۇشى، 2013 - يىلى سۈرىيە ئۇرۇشىدا ئۆزى بەلگىلىگەن «قىزىل سىزىق» ھالقىپ كېتىلگەندىن كېيىنمۇ، يەنىلا ھەرىكەت قىلماسلىقى، شۇنداقلا، ئوبامانىڭ ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى «بىكارلىق پويىزغا چىقىۋالغۇچىلار» (free riders) دەپ ئاتىشى قاتارلىق ھادىسىلەر ئۇلاردا ئامېرىكاغا بولغان ئىشەنمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ترامپ بولسا ھەقىقەتەن ئوبامادىنمۇ رادىكال بىر شەكىلدە ئامېرىكانىڭ نېمە ئۈچۈن دۇنيانىڭ بۇنچە كۆپ يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى سورىدى. ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ يېتەرلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايۋاتقانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى. ھەتتا ئۇلارغا قايسى مەسىلىدە قانچىلىك پۇل تۆلەيدىغانلىقىنىمۇ بەلگىلەپ بەردى.[46]

ترامپ ھۆكۈمىتى يەنە ياۋروپانىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن، يەنى رۇسىيە بىلەن بولغان سودىدىكى يېقىنلىشىشىغا ئارىلاشتى ۋە رۇسىيە - گېرمانىيە تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشىنى، رۇسىيە بۇ ئارقىلىق گېرمانىيەنىڭ ئېنېرگىيە ساھەسىنى مونوپول قىلىۋالماقچى دېگەن سەۋەب بىلەن جازالىدى.[47] گېرمانىيە ۋە رۇسىيە قۇرۇلۇشنى قىلىۋاتقان شىركەتلەرنى ئامېرىكانىڭ جازالىغانلىقىغا قاتتىق غەزەپلەندى. گېرمانىيە پۇل - مۇئامىلە مىنىستىرى بۇ جازالاش تەدبىرىنى گېرمانىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق دەپ ئەيىبلىدى. ياۋروپانىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرگىنى بولسا ترامپىنىڭ ياۋروپادىن كېلىدىغان ماللاردىنمۇ ئوخشاش يۇقىرى باج ئېلىشى بولدى.[48] ترامپ ھەقىقەتەن پىرېزىدېنت بولۇشتىن بۇرۇنمۇ ئامېرىكانى ئىتتىپاقداشلىرى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان كېرەكسىز يۈكلىرىنى ئۈستىگە ئېلىۋالغۇچى دەپ قارايتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىتتىپاقداشلىق ۋە دۇنيانىڭ لىدىرى بولۇش ئۇنچە مۇھىم ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ يازغان كىتابىدىنمۇ مەلۇم. لېكىن ئامېرىكانىڭ يىللاردىن بېرى

يۈرگۈزۈپ كەلگەن تاشقى سىياسەت ئەندىزىسىدىن قارىغاندا ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ناھايىتى مۇھىم. ئۇلار مەۋجۇت لىبېرال دۇنيا سىستېمىسىنى قوغداش ۋە دېموكراتىك قىممەت قاراشلارنى يېيىشتا كەم بولسا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ياۋروپا ئامېرىكانىڭ دۇنياۋى لىدىرلىق ئورنى ۋە دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 2019 - يىلى چىكاگو خەلقئارا مەسىلىلەر تەتقىقاتى كومىتېتى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئەلرايىنى سىناش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 74% ئامېرىكالىق ئامېرىكانىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولىنى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش دەپ قارايدىغانلىقى مەلۇم بولغان.[49] ئەمما ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋروپاغا قاراتقان تاشقى سىياسىتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بۇ رېئاللىق نەزەرگە ئېلىنمىغان. ترامپنىڭ ئويلايدىغىنى بولسا، ئامېرىكا بۇ قىممەت قاراشلار ئۈچۈن قانچىلىغان بەھۇدە جەڭلەرگە كىردى، قانچىلىك ئادەم ۋە ئىقتىساد زىيان تارتتى ۋە ئامېرىكا نېمىگە ئېرىشتى ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بۇ ھەقتە ئامېرىكاغا نېمە قىلىپ بەردى؟ دېگەندىن ئىبارەت. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئامېرىكا پۈتۈن بۇ تەشەببۇسلىرى ئارقىلىق بىر نەرسىگە ئېرىشتى، ئۇ بولسىمۇ ئامېرىكانىڭ كۈچىنىڭ خورىشى ۋە ئوبرازىنىڭ خۇنۈكلىشىشى.

ئورۇنلۇق ياكى ئورۇنسىز سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ترامپ دەۋرىدە ياۋروپامۇ شەخسىيەتچى تاشقى سىياسەت يۈرگۈزدى[50] ، بەلكىم مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ يەككە تەرەپلىمە قارار چىقىرىشىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش يولىنى تاللىدى، شۇنداقلا، خىتاي بىلەن بولغان تىجارەت ۋە مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇ ياۋروپانىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكادىن مۇستەقىل ھالدا سىياسەت يۈرگۈزۈشكە قاراپ ماڭىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇ خىل تاشقى سىياسەتنى ئوباما دەۋرىدىن باشلانغان «يەككە تەرەپلىمە قارار چىقىرىش» (unilateralism) ۋە ترامپنىڭ «ئامېرىكا بىرىنچى» (American First) سىياسىتىگە قارىتىلغان ئىنكاس دەپ قاراشقا بولىدۇ. ترامپ ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى ياۋروپانى يات كۆرۈش سىياسىتى ياۋروپانى تېخىچە ئامېرىكانىڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقدىشى ياكى خىتاينىڭ سودا شېرىكى ۋە ياكى ئۆزى مۇستەقىل ئويغانغان دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ بولۇش قارارىنى بېرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.[51]

خىتاي ۋە ياۋروپا سىياسىتىنى ترامپ ھۆكۈمىتى تاشقى سىياسىتىنىڭ بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك تەرىپى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، دۇنيا سىياسىتىگە (ياخشى ياكى يامان) تەسىر كۆرسىتىشچانلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئامېرىكانىڭ يەنە بەزى رايون ۋە دۆلەتلەرگە قاراتقان دىپلوماتىيە سىياسەتلىرىنىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇلار ھەققىدە تۆۋەندە قىسقا ۋە ئىخچام شەكىلدە توختىلىمىز.

1. ئىسرائىلىيە ۋە تۆت مۇھىم ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق ۋە چۈشىنىش كېلىشىمى ئىمزالاندى.[52] ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ سالا قىلىشى بىلەن باشتا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن بەھرەين، سۇدان ۋە ماراكەش قاتارلىق ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب دۆلەتلىرى ئىسرائىلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئانالىزچىلار، ترامپ ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنى ئېروسالىم (قۇددۇس) غا يۆتكىگەندە، ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا قايتىدىن توقۇنۇش ئەۋج ئالىدۇ دەپ ئەنسىرىگەن ئىدى. ئەمما دەل ئەكسىچە، تېخىمۇ كۆپ ئەرەب دۆلەتلىرى ئىسرائىلىيە بىلەن

مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى. ھازىر، تىل ئاۋۋەدىن يولغا چىققان ئايروپىلان سەئۇدى ئەرەبىستان ھاۋا تەۋەلىكىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ بىۋاستە دۇبەيگە بارالايدىغان بولدى. بۇ تېخىمۇ كۆپ ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن ئىرانىنى يالغۇز قالدۇرغىلى ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ ،نەتىجىدە ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى يۈكى يەڭگىللەيدۇ.

2. ئامېرىكانىڭ كۈچىنى ئوتتۇرا شەرق رايونىدىن تىنچ ئوكيانغا يۆتكىدى.[53] ئوتتۇرا شەرقتىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش ئوباما دەۋرىدە كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلگە ئاشماي كەلگەن ئىدى. ترامپ دەۋرىدە گەرچە ئامېرىكا ئارمىيەسى ئوتتۇرا شەرقتە يەنىلا مەۋجۇت بولسىمۇ، سۈرىيەدىكى ئازراق ئاكتىپلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ ئۇرۇشقا قاتناشمىدى ۋە كۈچىنى ئاستا – ئاستا شەرقىي ئاسىيا تەرەپكە مەركەزلەشتۈردى. ئوتتۇرا شەرقتىكى «تۈگىمەس ئۇرۇش» ترامپ ۋە نۇرغۇنلىغان سىياسەتچىلەر قارشى چىققان ئۇرۇش بولۇپ، ئامېرىكا ئۇچۇن ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمىدى. بۇش ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان ھاكىمىيەت ئۆزگەرتىش ئارقىلىق دېموكراتىيەلەشتۈرۈش پىلانى ئەمەلگە ئاشمايلا قالماي، رايوندا ئىراننىڭ تەسىر كۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئامېرىكانىڭ مالىيە يۈكى ناھايىتى ئېغىرلاشتى ۋە ئوبرازى خۇنۇكلەشتى. شۇنداقلا، نۇرغۇنلىغان رادىكال قوراللىق گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇرۇش يالغۇز ئامېرىكاغىلا ئەمەس، پۈتۈن غەرب دۇنياسىغا سەلبىي تەسىر ئېلىپ كەلگەن ئۇرۇش ئىدى. ترامپ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا شەرق رايونىدا ھەم ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى، ھەم ھەربىي ھەرىكىتىنى ئازايتىپ دىققەت ئېتىبارىنى شەرقىي ئاسىيادا خىتايغا قاراتتى.

3. ئاسىياچە ناتو قۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن «تۆتلۈك ئىتتىپاقى» نى قۇردى ۋە «بەش كۆز دۆلەتلىرى» ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا خىتاينى چەكلەشنى مەقسەت قىلغان. ياۋروپانىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ بۇرۇنقىدەك ياخشى بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەقىقەتەن ناتو بىلەن خىتاينى چەكلەش قىيىنغا توختايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئانگلو -ساكسون ئىتتىپاقى (Anglosphere) ۋە ئاسىياچە ناتو خىتايغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىشى مۇمكىن.[54] ھەر ئىككى ئىتتىپاق ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بارلىققا كەلدى ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەڭشەش ئېلىپ بېرىلدى.

4. تاشقى سىياسەتتە يۇقىرىقىدەك غەلىبىلەردىن باشقا يەنە ئىككى مەغلۇبىيىتى ترامپ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى. بۇنى ترامپىنىڭ ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنياۋى تەشكىلاتلار ۋە دۆلەتلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئامېرىكانىڭ نۇرغۇن دۇنياۋى تەشكىلاتلاردىن چىقىپ كېتىشى، ئىتتىپاقداشلىرىغا يېتەرلىك ئىشەنچ بەرمەيلا قالماي، يەنە ئۇلارنى جازالىشى، بۇيرۇق چۈشۈرۈشى شۇنداقلا ئوچۇق – ئاشكارا تەنقىد قىلىشى؛ ھەمىشە ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىنى تەكىتلىشى، دۇنيادىكى دىكتاتور دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بولغان بىلگىلى بولمايدىغان «يېقىن» مۇناسىۋىتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ دىكتاتۇرلىقىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ قارىشى[55] قاتارلىقلار ئامېرىكانىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى ئوبرازىنى زىيانغا ئۇچراتتى. ئەمەلىيەتتە ترامپ، ھەر خىل ئورۇنلۇق ياكى ئورۇنسىز سەۋەبلەر بىلەن دۇنيا ئەڭ ئېغىر

كىرىزىسقا دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا ئامېرىكانىڭ لىدىرلىق رولىنى ئوينىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى ۋە نەتىجىدە خىتاينىڭ خەلقئارا سەھنىدە ئاكتىپ رول ئوينىشى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى.[56] بولۇپمۇ ترامپنىڭ ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغىمۇ ھېچقانداق يۈز - خاتىرە قىلماسلىقى ۋە ھەمكارلاشماي تۇرۇۋېلىشى ياۋروپادا ئامېرىكاغا (ھېچبولمىغاندا ترامپ ھۆكۈمىتىگە) بولغان ئىشەنچنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتكەن.

2020 - يىلى يانۋاردا 32 ياۋروپا دۆلىتىدە ئېلىپ بارغان ئىستاتىستىكىدا كۆرسىتىلىشىچە، 64% كىشىنىڭ ترامپنى قوللىمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىققان. غەربىي ياۋروپادا ئامېرىكاغا بولغان سەلبىي قاراش ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ ئامېرىكاغا ئىشىنىشكە بولىدۇ دەپ قارايدىغانلارنىڭ نىسبىتى گېرمانىيەدە ئاران 13% ۋە شىۋىتسىيەدە بولسا 18% بولغان .[57]

## خۇلاسە

ترامپ تۆت يىل جەريانىدا ئۆزىنىڭ سىيا- سىتىنى يۈرگۈزدى. سىياسەت ساھەسىگە كىرىشتىن بۇرۇن ئامېرىكانىڭ ھەددىدىن زىيادە يۈكنى ئۈستىگە ئېلىۋالغانلىقى، كېرەكسىز ئۇرۇشلارغا كىرىپ، ھەم كۈچىنى، ھەم ئابرويىنى چۇشۇرۈۋالغانلىقىغا، خىتاينىڭ ئادىل بولمىغان رىقابەت ئارقىلىق ئامېرىكا ئىقتىسادىنى زىيانغا ئۇچرىتىۋاتقانلىقى ۋە ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئامېرىكاغا ھەددىدىن زىيادە تايىنىۋالغانلىقىنى توختىماي تىلغا ئالغان ۋە بۇنىڭغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ كەلگەن ئىدى. پىرېزىدېنت بولغاندىن كېيىنكى سىياستى دەل يۇقىرىقى كۆز قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇنى نۇرغۇن زىددىيەتلەرنىڭ مەنبەسى دېگەندىن كۆرە، زىددىيەتلەرنى سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىققۇچى دېيىش بەكرەك توغرا بولۇشى مۇمكىن. بۇرۇندىن مەۋجۇت بولغان زىددىيەتلەر ۋە ۋىرۇسنىڭ دۇنياغا كۆرسەتكەن تەسىرى بىلەن دۇنيا يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. ترامپ ھۆكۈمىتى مانا بۇ جەرياننى تېزلەشتۈردى. توغرا ياكى خاتا سىياسەتلىرى بىلەن دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى ۋە دۆلەتلەرنى ئويغاتتى ۋە ھەقىقىي ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەرنى دۇنيا سىياسەت سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى.


ENDNOTES

1 “The World Order That Donald Trump Revealed *The Atlantic,* Accessed March 3, 2021. https://www.theatlantic.com/international/archive/2020/10/donald-trump-foreign-policy/616773/.

2 “Donald Trump | Biography, Education, & Facts.”, *Britannica*, Accessed February 21, 2021. https://www.britannica.com/biography/Donald-Trump.

3 “Donald J. Trump: The Long Road to the White House (1980 - 2017).” YouTube , 21 Jan 2017,Accessed February 21, 2021. https://www.youtube.com/watch?v=305-erOr3jk&t=210s.

4 “Donald Trump | Biography, Education, & Facts.”, *Britannica*, Accessed

5 ”Trump: An American Dream*”, Netflix* , March 2018, Accessed February 21, 2021
https://www.netflix.com/Kids/search?q=Donald%20Trump

6 LUCENTINI, MAURO. “The Outlook for US Foreign Policy under President Donald J. Trump.” *Rivista Di Studi Politici Internazionali*, NUOVA SERIE, 83, no. 4 (332) (2016): 577-88. Accessed March 3, 2021. http://www.jstor.org/stable/44427824.

7 Nadia Schadlow ”‹The Conservative Realism of the Trump Administration‘s Foreign Policy ”, *Hudson Institute,* November 30, 2018, Accessed March 3, 2021. https://www.hudson.org/research/14738-the-conservative-realism-of-the-

trump-administration-s-foreign-policy.

8 Matthias Gebauer, Ralf Neukirch, René Pfister Bernhard Zand"China Is Happy to Fill the Leadership Vacuum Left by the U.S." ‹*DER SPIEGEL*, May 6, 2020,Accessed March 3, 2021. https://www.spiegel.de/international/world/china-is-happy-to-fill-the-leadership-vacuum-left-by-the-u-s-a-9b9ba65c-4148-4283-a1ca-fdb1a4a1fc4d.

9 Mario Del Pero and Paolo Magri, *Four Years of Trump. The US and the World*,( Milan:Ledizioni LediPublishing, September 2020), 16.

10 Matt Spetalnick, Andrea Shalal, Jeff Mason, Steve Holland," Analysis: Trump's Legacy: A More Divided America, a More Unsettled World ." Reuters, 20 JANUARY 2021, Accessed February 20, 2021. https://www.reuters.com/article/usa-trump-legacy-analysis-int-idUSKBN29P0EX.

11 Kazin, Michael. "Trump and American Populism: Old Whine, New Bottles." *Foreign Affairs* 95, no. 6 (2016): 17-24. Accessed March 3, 2021. http://www.jstor.org/stable/43948377.

12 Ritu Prasad," US Historians on What Donald Trump's Legacy Will Be." BBC News, 19 January 2021, Accessed February 20, 2021.

https://www.bbc.com/news/world-us-canada-55640427.

13 Daron Acemoglu, "Trump Won't Be the Last American Populist.", *Foreign Affairs* November 6, 2020,Accessed March 3, 2021. https://www.foreignaffairs.com/articles/united-states/2020-11-06/trump-wont-be-last-american-populist.

14 Richard N. Haass,"Donald Trump's Costly Legacy" *Council on Foreign Relations*. *January 11, 2021*, Accessed February 20, 2021. https://www.cfr.org/article/donald-trumps-costly-legacy.

15 Richard N. Haass,"Donald Trump's Costly Legacy."

16 "United States Coronavirus: 28,752,324 Cases and 510,930 Deaths - Worldometer." Accessed February 22, 2021. https://www.worldometers.info/coronavirus/country/us/.

17 Richard Wike, Janell Fetterolf , Mara Mordecai, "U.s. Image Plummets Internationally As Most Say Country Has Handled Coronavirus Badly ", Pew Research Center, September 15, 2020,Accessed March 3, 2021. Https://Www.pewresearch.org/Global/2020/09/15/Us-Image-Plummets-Internationally-As-Most-Say-Country-Has-Handled-Coronavirus-Badly/.

18 Dan Haverty, Augusta Saraiva," When It Comes To China, Americans Think Like Trump.", *Foreign Policy*, July 30, 2020, Accessed March 4, 2021. Https://Foreignpolicy.com/2020/07/30/Pew-Research-Trump-China-American-Public/.

19 "Biden's America against Xi's China: Struggle for supremacy?" DW, YouTube, 18 Feburary 2021,https://www.youtube.com/watch?v=tvJfX1sLU-I

20 "Trump's Legacy: What He Did Right (Sometimes, Unintentionally)", *National Post*, Accessed February 20, 2021. https://nationalpost.com/news/world/trumps-legacy-what-he-did-right-sometimes-unintentionally.

21 "List of the President's Accomplishments the Media Is Not Talking about." YouTube, 31 December 2018, Accessed February 21,2021.

https://www.youtube.com/watch?v=mdfRuYy7sFQ.

22 Matt Spetalnick, Andrea Shalal, Jeff Mason, Steve Holland," Analysis: Trump's Legacy: A More Divided America, a More Unsettled World ."

23 "Election 2020: What Has President Trump Done to America?." The Economist ,YouTube 31 October 2020, Accessed February 21, 2021. https://www.youtube.com/watch?v=wCcyhn4RDVk.

24 John Haltiwanger , "Trump's Biggest Accomplishments, Failures from His 1-Term Presidency." *Business Insider*, Jan 21, 2021, Accessed February 21, 2021. https://www.businessinsider.com/trump-biggest-accomplishments-and-failures-heading-into-2020-2019-12#failure-contracting-covid-19-14.

25 John Haltiwanger , "Trump's Biggest Accomplishments, Failures from His 1-Term Presidency."

26 Merit Kennedy, "Here's What The Space Force Will Do ", *NPR* , December 21, 2019,Accessed March 3, 2021. https://www.npr.org/2019/12/21/790492010/trump-created-the-space-force-heres-what-it-will-do.

27 Max Boot, "Opinion | Trump Was the Worst President Ever. But His Failures Set up Biden for Success", The Washington Post Jan. 19, 2021,Accessed March 3, 2021. https://www.washingtonpost.com/opinions/2021/01/19/trump-was-worst-president-ever-his-failures-set-up-biden-success/.

28 Jan Jekielek,"Exclusive: How the Trump Administration Permanently Transformed US China Policy—Former Pompeo Adviser Miles Yu.", NTD, Feb 17, 2021, Accessed February 20, 2021. https://www.ntd.com/exclusive-how-the-trump-administration-permanently-transformed-us-china-policy-former-pompeo-adviser-miles-yu_568462.html.

29 Sam Crane. "Why Xi Jinping's China Is Legalist, Not Confucian *." China Channel, 29* June 2018, Accessed February 20, 2021. https://chinachannel.org/2018/06/29/legalism/.

30 Weiss, Jessica Chen, and Jeremy L Wallace. "Domestic Politics, China's Rise, and the Future of the Liberal International

Order." *International Organization*, 2 : (2021), February 19, 2021. https://doi.org/10.1017/S002081832000048X.

31 Jan Jekielek,"Exclusive: How the Trump Administration Permanently Transformed US China Policy—Former Pompeo Adviser Miles Yu."

32 Givens, John Wagner. "The Beijing Consensus Is Neither: China as a Non-Ideological Challenge to International Norms." *St Antony's International Review* 6, no. 2 (2011): 10-26. Accessed February 20, 2021. http://www.jstor.org/stable/26226762.

33 Policy Planning Staff, USA. "The Elements of the China Challenge." *Office of the Secretary of State Policy*, 2020,p1.

34 Policy Planning Staff, USA. "The Elements of the China Challenge."p12.

35 "Huawei Would Have to Give Data to China Government If Asked: Experts." Accessed March 3, 2021. https://www.cnbc.com/2019/03/05/huawei-would-have-to-give-data-to-china-government-if-asked-experts.html.

36 "Trump's Legacy: What He Did Right (Sometimes, Unintentionally)." *National Post*, 19 January, 2021, Accessed February 20, 2021. https://nationalpost.com/news/world/trumps-legacy-what-he-did-right-sometimes-unintentionally

37 Lindsay Maizland ,Andrew Chatzky," Huawei: China's Controversial Tech Giant.", *Council on Foreign Relations*, 6 August 2020, Accessed February 22, 2021. https://www.cfr.org/backgrounder/huawei-chinas-controversial-tech-giant.

38 "Poles Apart" *The Economist*, January 4th -10th 2020. P7.

39 Nick Paton Walsh,"China's Mishandling of the Early Stages of Covid-19 Pandemic Revealed by Leaked Documents.", *CNN*, December 1, 2020 Accessed March 3, 2021. https://edition.cnn.com/2020/11/30/asia/wuhan-china-covid-intl/index.html.

40 "China Ends 2020 With Record Trade Surplus as Pandemic Goods Soar." *Bloomberg,* 14 January 2021, Accessed February 22, 2021. https://www.bloomberg.com/news/articles/2021-01-14/china-s-trade-surplus-hits-record-as-pandemic-fuels-exports.

41 Şaban Kardeş, Ali Balcı, *Uluslararası İlişkilere Giriş* (İstanbul: Küre Yayınları, 2014),127.

42 "China | Pew Research Center.", October 6,2020, Accessed March 4, 2021. https://www.pewresearch.org/topics/china/.

43 "Poles Apart" *The Economist*, January 4th -10th 2020. P7.

44 MICHAEL SCHUMAN, "What Kind of Superpower Will China Be?" The Atlantic, October 5, 2020, Accessed March 3, 2021. https://www.theatlantic.com/international/archive/2020/10/what-kind-superpower-will-china-be/616580/.

45 Kilic Bugra Kanat, "Transatlantic Relations in the Age of Donald Trump", *Insight Turkey*, summer 2018, p78.

46 Ryan Pickrell ,"Trump Wants US Allies to Pay for All the Cost of Hosting US Troops.",*Business Insider*, Mar 8, 2019 Accessed March 4, 2021. https://www.businessinsider.com/trump-wants-to-charge-allies-more-than-ever-to-host-us-troops-2019-3.

47 "The World This Week" *The Economist*, January 4th -10th 2020. P5.

48 "US Imposes Record $7.5 Billion Tariffs on European Goods." DW, 18 October 2019. Accessed February 22, 2021. https://www.dw.com/en/us-imposes-record-75-billion-tariffs-on-european-goods/a-50880622.

49 Cathryn Clüver Ashbrook , "The Trump Legacy and Its Consequences", *Belfer Center for Science and International Affairs*. 1 May 2020, Accessed February 20, 2021. https://www.belfercenter.org/publication/trump-legacy-and-its-consequences.

50 Cathryn Clüver Ashbrook , "The Trump Legacy and Its Consequences".

51 "Poles Apart" *The Economist*, January 4th -10th 2020. P7.

52 David Frum, "The Things Trump Got Right." *The Atlantic*, 18 December, 2020,

Accessed February 21, 2021. https://www.theatlantic.com/ideas/archive/2020/12/the-things-trump-got-right/617424/.

53 "Trump's Foreign Policy Moments." *Council on Foreign Relations*, Accessed March 3, 2021. https://www.cfr.org/timeline/trumps-foreign-policy-moments.

54 Robert Guest, "Anglosphere v Sinosphere", The World in 2020, *The Economist*, p19.

55 DOMENICO MONTANARO, 6" Strongmen Donald Trump Keeps Praising", NPR, May 2, 2017, Accessed February 20, 2021. https://www.npr.org/2017/05/02/526520042/6-strongmen-trumps-praised-and-the-conflicts-it-presents.

56 Matthias Gebauer, Ralf Neukirch, René Pfister, Bernhard Zand, "China Is Happy to Fill the Leadership Vacuum Left by the U.S," . *DER SPIEGEL*, 6 May 2020, Accessed February 20, 2021.https://www.spiegel.de/international/world/china-is-happy-to-fill-the-leadership-vacuum-left-by-the-u-s-a-9b9ba65c-4148-4283-a1ca-fdb1a4a1fc4d.

57 Cathryn Clüver Ashbrook , "The Trump Legacy and Its Consequences".




# خىتاي - يېڭى زېلاندىيە ئەركىن سودا شەرتنامىسى

## كىچىك لىبېرال دۆلەت ۋە چوڭ كۈچ ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە خىرىس

**مەلىكەزادە**

ۋېللىڭتون ۋىكتورىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، خەلقئارا سودا ۋە مۇناسىۋەتلەر كەسپى ماگىستىرى.

E-mail: mz0902@yahoo.com

**ئاساسلىق مەزمۇنى:** خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقلەرگە ئېلىپ بېرىۋاتقان دەھشەتلىك باستۇرۇش سىياسىتى ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلغۇچى دۆلەتلەر تەرىپىدىن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتىلىپ، خىتايدىن زۇلۇمنى توختىتىش كۈچلۈك يوسۇندا تەلەپ قىلىنىۋاتقان بىر مەزگىلدە، يېڭى زېلاندىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارىنىڭ خىتايغا كەسكىن پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقان «قېرىندىشى» - ئاۋسترالىيە ھۆكۈمىتىگە «سىلەر خىتاينى ھۆرمەتلىشىڭلار كېرەك» دېگەن چاقىرىقنى قىلىشى خەلقئارا جەمئىيەتنى ئەپسۇسلاندۇردى ئەمما ھەيران قالدۇرمىدى. چۈنكى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا قاتارلىق ئىتتىپاقداشلىرىنىڭكىدىن پەرقلىق بولغان بۇ دالالەت مەتبۇئاتلاردا خەۋەر قىلىنىشتىن بىر نەچچە كۈن ئاۋۋالقى 26 - يانۋاردا خىتاي ۋە يېڭى زېلاندىيە ئەركىن سودا شەرتنامىسىنىڭ 2008 - يىلدىكى نۇسخىسىنى يېڭىلاش

ھەققىدىكى كېلىشىم ئىمزالىغان بولۇپ، بۇ - ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يەنىمۇ بىر دەرىجە مۇستەھكەملىنىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنىڭ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنىڭمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ تەسىرگە ئۇچرىشى مۇمكىنلىكىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيە ئورتاق گېئو - پولىتىكىلىق ئالاھىدىلىك، ئورتاق تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرىغا ئىگە بولۇش سەۋەبلىك، ئۆتمۈشتىن بېرى سىياسىي مەيدان، دوست - دۈشمەن قارىشىدا نىسبەتەن بىردەكلىكنى ۋە ھەمكارلىقنى ساقلاپ كەلگەن «بىر ئائىلە كىشىلىرى» ئىدى. ئاۋستىرالىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى زىللىشىپ، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەن، خىتاي بولسا بۇنىڭغا جاۋابەن ئاۋستىرالىيەنى جازالاپ بىر قىسىم مەھسۇلاتلار ئۈچۈن ئېكسپورت چەكلىمىسى يۈرگۈزۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، نېمە ئۈچۈن يېڭى زېلاندىيەنىڭ ھۆكۈمەت پوزىتسىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سودا مىنىستىرى خىتاي ئۈچۈن سۆزلەيدۇ[1] - يۇ، «بەش كۆز ئىتتىپاقى» دىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا قارشى قىلىۋاتقان چاقىرىقلىرىدا يېڭى زېلاندىيەنىڭ ئاۋازى يوقنىڭ ئورنىدا؟

بىز بۇ ماقالىدە خىتاي - يېڭى زېلاندىيە ئارىسىدا 2008 - يىلى تۈزۈلگەن قوش تەرەپلىك ئەركىن سودا كېلىشىمنامىسى ۋە ئۇنىڭ 2021 - يىل يانۋاردا يېڭىلانغان نۇسخىسى، بۇ كېلىشىمنامىلەرنىڭ ئىمزالىنىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى سىياسىي مايىللىق ۋە خاھىشلارنىڭ سىمۋولى بولغان «بىر يول، بىر بەلباغ تەشەببۇسى»غا قوشۇلغان ئاۋاز قاتارلىقلار ھەققىدە نۇقتىلىق توختىلىش ئارقىلىق، خەلقئارالىق ئەركىن سودا كېلىشىمنامىلىرىنىڭ فۇنكسىيەسى ۋە ئۇلارنىڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادى پائالىيەتلەر ۋە شۇنداقلا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزئارا بىر - بىرىگە قانداق باغلايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئۆتىمىز.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** خەلقئارا سودا، قوش تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك ئەركىن سودا كېلىشىمنامىلىرى، كىچىك دۆلەت دىپلوماتىيەسى، لىبېرال دۆلەت، يۇمشاق كۈچ

## كىرىش سۆز

خەلقئارا سودا («تاشقى سودا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىكى ئىنتايىن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ئېھتىياج ۋە تەمىنلەشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر - بىرىگە باغلىنىشىنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.


خەلقئارا سودىنىڭ تارىخى ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى بىلەن تەڭ دېگۈدەك بولۇپ، زامانىۋى چۈشەنچىدىكى دۆلەت ئۇقۇمى شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا، بىر تەۋەلىكتىكى كىشىلەرنىڭ باشقا تەۋەلىكتىكىلەر بىلەن تاۋار ئالماشتۇرغانلىقى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىدىكى ئېشىنچا مەھسۇلاتلارنى بىر تەرەپ قىلىپ، كەم، قىس مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇقلاپ كەلگەنلىكى مەلۇم. كېيىنچە بۇ خىل تاۋار ئالماشتۇرۇش پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ، يىراق مەنزىللەرگىچە سوزۇلغان. ھەممىمىزگە تونۇش بولغان ئۆتمۈشتىكى يىپەك يولى دەل مۇشۇنداق مۇددىئادا شەكىللەنگەن خەلقئارالىق سودا يولى بولۇپ، ئات - تۆگىلىك تىجارەت كارۋانلىرى ئەڭ ئىپتىدائىي قاتناش قوراللىرى بىلەن شەرقتىن غەربكە كەتكەن ئۇزۇن مۇساپىلەردە ئېلىم - سېتىم بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەدەنىيەتلەرنى ئۆزئارا يۇغۇرغان، ھەر قايسى ئەللەرنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرغان ئىدى.

تارىخ چاقى چۆرگىلەپ يېقىنقى دەۋرلەرگە

كەلگەندە، لىبېرال ئىقتىسادنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋە راۋان تۈستە ئايلىنىشىغا پۇرسەت يارىتىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلەتلەر ئارا سودىدىكى ھەر تۈرلۈك قانۇنىي رەسمىيەتلەر قولايلاشتۇرۇلغان، تاموژنا بېجى ئازايتىلغان ياكى كۆتۈرۈۋېتىلگەن قوش تەرەپلىك، كۆپ تەرەپلىك ئەركىن سودا كېلىشىمنامىلىرى تۈزۈلىدىغان، بۇ خىل مۇناسىۋەتلەر دۇنيا سودا تەشكىلاتى دېگەندەك خەلقئارالىق قانۇن ئورگانلىرى تەرىپىدىن تەرتىپكە سېلىنىدىغان، نازارەت قىلىنىدىغان بولدى.

بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سەھنىسىدە، خەلقئارا سودا پەقەت ئېلىم - سېتىم، بازار ئېچىش، مال توشۇش ۋە تارقىتىشتىن ئىبارەت جەريانلار ئەمەس. تاموژنا بېجى، ئىمپورت كىنىشكىسى ياكى ئېكسپورت ياردەم پۇلى قاتارلىق ئىبارىلەرمۇ دۆلەتلەر ئارا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سودىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈشتە كۇپايىلىنىدىغان ئىبارىلەر بولالمايدۇ. يېقىنقى نەچچە يۈز يىللىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا دۇنيا ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى ئاۋۋالقى ۋاستىلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان خەلقئارا سودا (دۇنيا ئومۇمىي ئىقتىساد كۆرسەتكۈچىدە خەلقئارا سودىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەقەت ئىككى پىرسەنتكىچە بولغان بولسا، 2000 - يىللاردا ئوتتۇز بەش پىرسەنتكە كۆتۈرۈلگەن[2].) دىپلوماتىيەدىن ئىبارەت زۆرۈر ئۇقۇم بىلەن پاراللېل يۆلىنىشتە ئىلگىرىلەپ كەلدى. مەزكۇر ماقالىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان خىتاي - يېڭى زېلاندىيە ئارىسىدىكى سودا مۇناسىۋەتلىرى ۋە بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر تەھلىلى دەل مۇشۇ ئوڭ تاناسىپلىق باغلىنىشنى يورۇتۇش ۋە ماھىيىتىنى تەھلىل قىلىشتىكى بىر مۇھىم مىسال.

تاشقى سىياسەتتە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشىمىغان يوللارنى تۇتۇشى مۇقەررەر. زېمىن، نوپۇس ۋە دۇنيا ئىقتىسادىدا تۇتقان ئورنىغا ئاساسەن «كىچىك دۆلەت» ھېسابلانغان يېڭى زېلاندىيەنىڭ (تۆۋەندىكى دىئاگراممىغا قارالسۇن) خىتايدىن ئىبارەت چوڭ كۈچكە قاراتقان دىپلوماتىيە سىياسىتى ئۇنى بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە باشقا ئىتتىپاقداشلىرىدىن پەرقلىق بىر كۆرۈنۈشتە ئوتتۇرىغا چىقارماقتا.




دۆلەتلەرGDP سىنىڭ 2019 - يىللىق دۇنيا ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى. دۇنيا بانكىسى ئىستاتىستىكىسى[3]

## خىتاي - يېڭى زېلاندىيە سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى، 2008 - يىلدىكى خىتاي - يېڭى زېلاندىيە ئەركىن سودا كېلىشىمنامىسى ۋە خىتاينىڭ «بىر يول، بىر بەلباغ تەشەببۇسى»

يېڭى زېلاندىيە ھۆكۈمىتى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى «خىتاي دۆلىتىدىكى بىردىنبىر پارتىيە» دەپ تونۇغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 1972 - يىلدىن بېرى، ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە سىياسەت جەھەتتىكى ئالاقىسى خېلىلا قويۇق بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشقان 30 يىلدىن بۇيان، خىتاي ۋە يېڭى زېلاندىيە ئارىسىدىكى قوش تەرەپلىك ئىقتىسادى ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتلەر ئىزچىل ئۆرلەش ھالىتىدە بولۇپ، ئاساسلىقى سودا، مائارىپ، ساياھەتچىلىك، كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە ئاممىۋى ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى[4].

خىتاي ۋە يېڭى زېلاندىيە تارىختا بىرنەچچە «تۇنجى» لارنى بىرلىكتە ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن: 1997 – يىلى ئاۋغۇستتا يېڭى زېلاندىيە ئىقتىسادتا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ تۇنجىسى سۈپىتىدە خىتاي بىلەن قوش تەرەپلىك سودا ھەمكارلىقى كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئۇنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەزا بولۇپ كىرىشىگە يول ئاچقان؛ 2004 - يىلى ئاپرېلدا خىتاينىڭ بازار ئىگىلىكى ئىقتىسادىنى ئېتىراپ قىلغان ئاۋۋالقى دۆلەتمۇ يېڭى زېلاندىيە ئىدى. شۇ يىلى نويابىردا مەسلىھەتلىشىشكە باشلىنىپ، 2008 - يىلى رەسمىي كۈچكە ئىگە بولغان خىتاي - يېڭى زېلاندىيە ئەركىن سودا كېلىشىمنامىسى خىتاينىڭ غەرب سىستېمىسىدىكى دۆلەت بىلەن تۈزگەن بىرىنچى قېتىملىق سودا كېلىشىمى ئىدى[5].

نۆۋەتتە قېتىملاپ باش قوشۇش ۋە مەسلىھەتلىشىشلەردىن كېيىن، يېڭى زېلاندىيە تەرەپ خىتاينىڭ 37% ئېكسپورت تاۋىرىدىن تاموژنا بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشقا، خىتاي تەرەپ يېڭى زېلاندىيەنىڭ 35% ئېكسپورت تاۋىرىدىن تاموژنا بېجى كەچۈرۈم قىلىشقا پۈتۈشۈلگەن بۇ ئەركىن سودا كېلىشىمنامىسى خىتاي ۋە يېڭى زېلاندىيە ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن بىر ئۇتۇقلۇق ئىقتىسادى ۋە سىياسىي نامايەندە ھېسابلىناتتى[6]. بۇ كېلىشىمنامىنىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇ يەردىكى، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئاھالىسى دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىرىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان، ھېلىھەم ئىككىنچى دۇنيا ئەللىرىگە تەۋە بولسىمۇ، خەلقئارادا دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۈچلۈك ئورنىنى تالىشىۋاتقان چوڭ دۆلەت؛ يەنە بىرى بولسا زېمىنى كىچىك، نوپۇسى ئىنتايىن ئاز، لېكىن ئىقتىسادتا تەرەققىي تاپقان غەرب مەدەنىيىتىگە تەۋە دۆلەت. خىتاي يېڭى زېلاندىيە بىلەن ئۇتۇقلۇق كېتىۋاتقان سودا ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى ۋەجىدىن ئۆزلىرىنى كەلگۈسىدە غەرب دەرۋازىسىنى ئۇتۇقلۇق ئاچالايدىغان دۆلەت دەپ قارايدۇ[7]، يېڭى زېلاندىيەمۇ ئوخشاشلا ئۆزلىرىنى «كىچىك دۆلەت دىپلوماتىيەسى» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈرگۈزۈپ، رايون ئىقتىسادى بەلبېغىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش، خەلقئارا سودا رىقابەتلىرىدە ئۈستۈنلۈك ئورنىنى يۇقىرىلىتىش ئارقىلىق، خىتايدەك «ئۆزلىرىدىن تۈزۈلمە ئىمپورت قىلىش ئېھتىياجى بار» چوڭ دۆلەتلەرگە ۋە شۇ ئارقىلىق دۇنيا سىياسىيسىغا تەسىر كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان دۆلەت دەپ قارايدۇ[8].

دەرۋەقە، يېڭى زېلاندىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئورگان تەرەپ دوكلاتىدا كۆر- سىتىلىشىچە، 2008 - يىلى تۇنجى كېلىشىمنامە ئىمزالىنىپ تاكى 2020 - يىلىغىچە ئىككى

دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىي سودا سوممىسى ئەسلىدىكى سەككىز مىليارد يېڭى زېلاندىيە دوللىرىدىن بىراقلا تۆت قاتلىنىپ، 32 مىليارد يېڭى زېلاندىيە دوللار قىممىتى (تەخمىنەن 23 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى) گە يەتكەن.[9] بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بولسا خىتاي يېڭى زېلاندىيەنىڭ ئەڭ چوڭ تاۋار مال سودىسى ھەمكارچىسى، مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ ھېسابلىغاندا ،ئىككىنچى چوڭ ئېكسپورت دۆلىتىگە ئايلانغان.

2013 - يىلى، خىتاي تارىختا 2 - ئەسىردىن تاكى 18 - ئەسىرگىچە داۋاملاشقان يىپەك يولى ئۇقۇمىنى قايتا تىرىلدۈرۈپ، «Made in China» نى غەرب ۋە شەرققە بىمالال يەتكۈزگىلى ۋە شۇ ئارقىلىق دۇنيانى كونتروللۇقىغا ئالغىلى بولىدىغان يېڭىچە بىر سودا يولى بەرپا قىلىش مەقسىتىدە، «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» نى دۇنياغا سۇندى. بىر نەچچە قېتىملىق خەلقئارا يىغىنلاردا مەزكۇر «زامانىۋى سودا ئۇقۇمى» نى تونۇشتۇرغان شى جىنپىڭ ئۆزلىرىنىڭ موڭغۇلىيەدىن تاكى ئوتتۇرا ئاسىيا، مەركىزى ۋە شەرقىي ياۋروپا، ۋە ئەڭ ئاخىرىدا گېرمانىيە، گوللاندىيەلەرگىچە بولغان مۇساپىدىكى ئىقتىسادىي بەلباغلارنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، دۇنياۋى خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى[10]. تاكى 2019 - يىلىغا قەدەر 69 دۆلەت ۋە ئورگان خىتاينىڭ دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتا ئەشيا ئوبوروتى قۇرۇلۇشلىرىنى بەرپا قىلىپ، دۇنيا ئەھلىنى مەدەنىيەت، ئۇل - مۇئەسسەسە، ئىجتىمائىي ئالاقە قاتارلىق ھەر جەھەتلەردىن بىر - بىرىگە باغلايدىغان مەزكۇر «گۈزەل دۇنيا» قۇرۇش پىلانىغا بولغان قىزىقىشىنى ئىپادىلىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئەسىرلىك تەرەققىيات قۇرۇلۇشى» دېيىلگەن «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»غا بەزى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قىزىقىشى ناھايىتى سۇس بولدى. ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى كۆپ ئىنكاس بىلدۈرمىدى، ئاۋستىرالىيە بولسا خىتاي تەرەپنىڭ ھەمكارلىق تەكلىپىنى رەت قىلىش بىلەن نەتىجىلەندى، ياپونىيە پۇل - مۇئامىلە ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلاردىكى ئاشكارىلىق دەرىجىسىگە گۇمان بىلەن قارىغىنى ئۈچۈن تاكى 2017 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە سوغۇققان پوزىتسىيە تۇتتى. خىتاي بىلەن زېمىن ماجىراسى بولغان ھىندىستاننىڭمۇ خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىش نىيىتى بارەدەك كۆرۈنمىدى[11]. چۈنكى، خۇددى ئانالىزچىلار ئېيتقاندەك، چوڭ كۈچلەرنىڭ بۇ يەردىكى ئورتاق ئەندىشىسى «بىر بەلباغ، بىر يول» ئېلىپ كېلىدىغان خىتاي قەرزىگە باغلىنىش ۋە ئىقتىسادىي خېيىم - خەتەر مەسىلىسى، بۇ پىلاننىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇشى مۇمكىن بولغان سىياسىي مۇددىئالار ۋە شۇنداقلا مۇھىت ئاسراش ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي ساھەلەردىكى تالاش - تارتىشلار ئىدى[12].

يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئەكسىچە، ئىقتىسادتا ئاجىز، تەرەققىي قىلىۋاتقان ياكى قىلمىغان دۆلەتلەر ھېسابلانغان كىچىك دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى بولسا بۇ پىلانغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشتى، چۈنكى ئۇلار خىتاي ھەيدەۋاتقان تەرەققىيات تېز پويىزىنىڭ ۋاگونلىرىغا ئېسىلىۋېلىش ئارقىلىق بولسىمۇ، ئۆز دۆلەت ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇۋېلىش چۈشىنى كۆرەتتى[13]. ئىقتىسادتا كۈچلۈك، ئامېرىكانى ئاساس قىلغان «بەش كۆز ھەمكارلىقى» غا ئەزا دۆلەتنىڭ بىرى بولغان يېڭى زېلاندىيە 2015 - يىلىلا خىتاينىڭ غەرب پۇل - مۇئامىلە ئورگانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە قۇرۇلغان «ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى» (Asian Infrastructure Investment Bank - AIIB) غا ئەزا بولغان بولۇپ، 2017 - يىلى مايدا، ئاسىيادىكى باشقا كىچىك دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭدا

ئېچىلغان تۈنجى نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» يىغىنىغا قاتناشتى ۋە خىتاي بىلەن «چۈشىنىش ئەسلەتمىسى (Memorandum of Understanding)» ئىمزالىغان بىردىنبىر غەرب مەدەنىيىتىگە تەۋە دۆلەت بولۇپ قالدى ۋە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدىكى «تۈنجى» لار تىزىملىكىگە يەنە بىر تۈر قوشۇلدى. بۇ ئەسلەتمىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەركىن سودا كېلىشىمى شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە يېڭىلىنىشى، سودا ۋە مەبلەغ سېلىشلار «بىر يول، بىر بەلباغ تەشەببۇسى» نى قوللاش يۈزىسىدىن داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «بىر يول، بىر بەلباغ تەشەببۇسى» نى غەربكە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تۈنجى بېكەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېڭى زېلاندىيەنىڭ بۇ تەشەببۇسقا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشى خىتاي ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. خىتاينىڭ بارلىق ساھەلەر مەركىزى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئەكسىچە، يېڭى زېلاندىيە - تەرەققىي قىلغان ئوچۇق بازار ئىقتىسادى تۈزۈلمىسى ئاساسىدا يۈكسەلگەن دۆلەت بولۇپ، ئەگەر خىتاي خەلقئارا سەھنىدە ئىناۋىتى ياخشى بولغان يېڭى زېلاندىيە بولغان ھەر تەرەپلىمە مۇناسىۋەتنى ياخشى راۋاجلاندۇرالىسا، پات پۇرسەتتە باشقا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىمۇ قايىل قىلىپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش رولى بولاتتى.

خىتاينىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى يۇمشاق كۈچىنى زورايتىپ، دۇنيا سىياسىيسىغا تەسىر كۆرسىتىش مۇمكىنچىلىكى زور بولغان يېڭى زېلاندىيە - خىتاي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى ئىتتىپاقداشلار ئارىسىدا مۇنازىرە قوزغىدى، ھەتتا CIAنىڭ سابىق مۇتەخەسسىسىنىڭ يېڭى زېلاندىيەنى خىتاي بىلەن ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشتا ئەيىبلەپ، ئۇنى «بەش كۆز ئىتتىپاقى» دىن چىقىرىۋېتىش ھەققىدىكى تەكلىپى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىدى[14].

دەرۋەقە، «بىر يول، بىر بەلباغ تەشەببۇسى» نىڭ سىياسىي تەرىپى يېڭى زېلاندىيە ۋە باشقا ھەر قانداق دۆلەت ئۈچۈن ئۈچۈن قىيىن ۋە مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى. شۇنداقتىمۇ يېڭى زېلاندىيە ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىيىنچىلىقلارغا ئىجابىي نۇقتىدىن قارايدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇ تەشەببۇسىنىڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى باغلىنىشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق دۇنيا ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرىدىغان ۋە بىرلىكتە گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بىر تۈرگە ئايلىنىشىغا نىسبەتەن ئۈمىدۋار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ كەلدى. يېڭى زېلاندىيەنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قارىشىچە، «دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئىگە دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان يېڭى زېلاندىيە خىتاينىڭ بۇ بۈيۈك پىلانىنى يېشىللاشتۇرۇشقا ۋە ئوچۇق - ئاشكارىلىققا دائىر بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ناھايىتى ياخشى ياردەم بېرەلەيتتى[15].»

## خىتاي – ئامېرىكا سوغۇق مۇناسىۋەتلىرى مەزگىلىدە يېڭىلانغان خىتاي - يېڭى زېلاندىيە ئەركىن سودا كېلىشىمنامىسى

2021 – يىلى 26 - يانۋار كۈنى يېڭى زېلاندىيە ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا 2008 - يىلى ئىمزالانغان قوش تەرەپلىك ئەركىن سودا كېلىشىمنامىسىنىڭ نۇسخىسىنى يېڭىلاش ھەققىدىكى كېلىشىمگە قول قويدى ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنى بىسەرەمجانلىقتا سالغان COVID

19 -دىن كېيىنكى تۇنجى ئىستراتېگىيەلىك قەدەمنى تاشلىغان بولدى. يېڭى نۇسخىدىكى بۇ كېلىشىمنامە تور سودىسى، مۇھىت بىخەتەرلىكى قاتارلىق يېڭى ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئەسلىدىن بار بولغان قوش تەرەپلىك كېلىشىمنامىنى يۇقىرى سەۋىيەتتە ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئېكسپورت چەكلىمىلىرىنى تۆۋەنلىتىلىپ سودا - ئالاقىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇش؛ زامانىۋى سودىنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا، مۇلازىمەت ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى داۋاملىق كېڭەيتىش قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپقان ئىدى[16].

ئەركىن سودا كېلىشىمنامىلىرىدە ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان تەرتىپ ۋە تەركىبلەرنىڭ بىرى - زىيادە ئېتىبار بېرىش ۋە چېگرادا ئىختىيارى بولۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇئەييەن دەرىجىدىكى قورۇقچىلىق، قوغدىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش. ئىقتىسادشۇناسلار ۋە سىياسەتچىلەر «ۋەرۇستىن كېيىنكى دۇنيادا خەلقئارالىق ئەركىن سودىنىڭ ئەسلىدىكى ھالغا قايتمىقى ئاسان بولمايدۇ[17]» دەپ پەرەز قىلىۋاتقان بىر مەزگىلدە ئىمزالانغان يېڭى نۇسخىدىكى ئەركىن سودا كېلىشىمنامىسىگە نىسبەتەن، يېڭى زېلاندىيە ھۆكۈمىتى ئەسلىدىكى كېلىشىمدە بېكىتىلگەن ھەق - ھوقۇقلىرىنى داۋاملىق قوغدايدىغانلىقىنى؛ سەھىيە، مائارىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، مۇھىت، بىخەتەرلىك ۋە باج قاتارلىقلاردا ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ساھەلىرىنىڭ ۋە ئاۋام - پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇشنى تەكىتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى[18].

ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ماركسىزم ئىدېئولوگىيەسى تېئورىمىلىرىنى ئاساس قىلغان خىتاي دۆلىتى مەسىلىلەرگە رېئالىستىك قارايدىغان يېڭى زېلاندىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ ساندىكى غەرب دۆلەتلىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان سىستېمىغا ئىگە. يەنى، يېڭى زېلاندىيە ئىقتىسادى ھەمكارلىق ئارقىلىق سودا سوممىسى ۋە خىزمەت پۇرسىتىنى ئاشۇرۇش دېگەندەك تۈتقىلى، سانىغىلى بولىدىغان ئۇتۇقلارنى كۆزلىسە، خىتاينىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنى تۈتقىلى بولمايدىغان، لېكىن كىشىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغان يۇمشاق كۈچىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. يەنى بۇ يەردىكى «يۇمشاق كۈچ» - ئۆزىنىڭ ئېرىشكەن نوپۇزى ۋە جەزبىدارلىقى ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرنىڭ خاھىشىغا تەسىر كۆرسەتمەك دېمەكلىكتۇر[19].

بۇندىن بىر نەچچە يىل بۇرۇنقى خەلقئارا جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىقتىسادتا يۈكسەلگەندىن كېيىن، يۇمشاق كۈچىنى ئاشۇرۇشقا كۈچەۋاتقان خىتاي «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ياخشىلاشقا تىرىشامدۇ - يوق؟ دېگەن بىر سوئال مەۋجۇت ئىدى. ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان، يەر يۈزىدىكى ئىنسانىي تۇيغۇلارغا ئىگە بولغان ھەركىمنى غەزەبلەندۈرۈۋاتقان ۋەھشىيانە باستۇرۇش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق بۇنىڭ پەقەتلا ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىر چۈش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا[20].

2019 - يىلى خىتاينىڭ 5G تېخنىكىسىنىڭ ئۆز دۆلىتىدە ئىشلىتىلىشىگە قارشى چىققان، 2020 - يىلى بولسا ئاۋستىرالىيەگە ئەگىشىپ، ۋىرۇس مەنبەسىنى ئىزدەشتە خىتاينىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشتە چىڭ تۇرغان، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى يىغىنىدا تەيۋەننىڭمۇ بىر كىشىلىك ئورنى بولۇشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىپ خىتاينى نارازى قىلغان يېڭى زېلاندىيەنىڭ، خىتاي ۋە ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرى

ئارىسىدىكى دىپلوماتىك سوغۇقچىلىق بوگۇنكىدەك كۈچەيگەن مەزگىلىدە يەنە بىردىنلا خىتاي بىلەن سودا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشكە تەرەددۇتلىنىشى؛ بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە خىتاينىڭ تەرپىنى ئېلىپ، ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىگە خىتايغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىشى كۆپچىلىكنى، جۈملىدىن ئاۋستىرالىيە سىياسەتچىلىرىنى ئەپسۇسلاندۇردى[21].

19 - COVID دەۋرىدە كىشىلەر گلوبالىزمدىن، يەنى دۆلەتلەر مەيلى ئىشلەپچىقىرىش، مەيلى سەھىيە، پەن - تېخنىكا ساھەسىدە بولسۇن، باشقا بىر دۆلەتكە تايىنىپ قېلىشتىن، ئەمگەك كۈچى، تاۋار ۋە كاپىتالنىڭ ئىلگىرىكىدەك ئەركىن ئايلىنىپ يۈرۈشىدىن ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قالدى، كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنىڭ چەتئەل مەبلىغىگە بولغان چەكلىمىلىرىمۇ ئىلگىرىكىدىن ئاشۇرۇلدى[22]. بۇ سەۋەبلەردىن، خىتاي بەرپا قىلماقچى بولغان يېڭى يىپەك يولىمۇ ئەسلى تەسەۋۋۇرىدىكىدەك «سىلىق ۋە يۇمشاق» ئەمەس، بەلكى قوپال ۋە يىرىك، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يول بولۇپ قالدى[23]. «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» ھەمكارلىقى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، 2017 - يىلى «چۈشىنىش ئەسلەتمىسى» ئىمزالانغاندىن تاكى ۋىرۇس دۇنياغا ھۇجۇم قىلغان 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر خىتاي ۋە يېڭى زېلاندىيە ئارىسىدا بۇ ھەمكارلىققا تەۋە بولغان بىرەر ئىش - پائالىيەتنىڭ يۈز بەرگىنى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. مۇبادا يېڭى زېلاندىيە خىتاينىڭ بۇ تەشەببۇسىنى ئۆز دۆلىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئاتلانغان تەقدىردە، ئۆزلىرىنىڭ خىتاينىڭ قەرز تۇزىقىغا چۈشۈپ قالغان باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھالىغا قالماسلىققا، خىتاي مەبلىغىنى ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كىرىش بەدىلىگە مۇھەت، ئىنسان ھوقۇقلىرى، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك قاتارلىق كىرىزىسلارغا پېتىپ قالماسلىققا جەزم قىلالىشى كېرەك. كۈچەپ تەرغىب قىلىنغان «بىر يول بىر بەلباغ تەشەببۇسى» ئىقتىسادىي ھەمكارلىقلاردىن باشقا يەنە «ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى (يەنى يۆتكىلىشى)» دېگەن چاقىرىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ نۇقتىدا دۇنيا ئەھلى 2000 - يىللىرى خىتاينىڭ ئۆز تېررىتورىيەسى ئىچىدە يۈرگۈزگەن «غەربنى ئېچىش» سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە، تۈركۈملىگەن ئىشچىلارنىڭ مەجبۇرى كۆچۈرۈلگەنلىكىنى، سىرتقى ئۆلكىلەردىن كۆچۈرۈلگەن خەلقىنىڭ تېخىمۇ باي بولۇپ، غەربتىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ نامراتلىشىپ كەتكەنلىكى، رايون ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكىنىڭ شۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئون يىل مابەينىدىكى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەنلىكىنى ئەستە ساقلىشى ۋە ساۋاق ئېلىشى لازىم. تەرەققىيات ۋە ئېچىش، كىشىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش نامىدىكى ئوخشاش تېراگېدىيەلەر خوڭكوڭ ۋە خىتاي كونتروللۇقىدىكى ئۇيغۇر رايونىدا ھېلىھەم يۈز بەرمەكتە، ھەتتا پاجىئەسى ھەر زاماندىكىدىنمۇ ئېغىر بولماقتا.

## خۇلاسە

خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە چوڭ كۈچلەر سەھنىنى كونترول قىلىدۇ. چەكلىك بولغان ماددىي ۋە ھەربىي كۈچ سەۋەبىدىن، گەرچە كىچىك دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارالىق ۋەقەلەردە ئۆز تەسىر كۈچى ئارقىلىق مەسىلە ھەل قىلىش ئىقتىدارى بەلگىلىك توسالغۇلارغا ئۇچرىسىمۇ، يېڭى زېلاندىيەگە ئوخشاش كىچىك لىبېرال دۆلەتلەر دۇنيا سىياسىيسىدا ئۆزلىرىنىڭمۇ مۇھىم ئورنى بارلىقىنى، يەنە كېلىپ بۇ ئورۇننىڭ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى باشقىلارغا ھېس

قىلدۇرۇپ تۇردۇ. (بۇ قاتاردا يەنە ئاسىيادىن سىنگاپورنى، ياۋروپادىكى كىچىك، ئەمما كۆپ تەرەپلىمە ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە، خەلقئارا سودا ۋە مۇناسىۋەتلەردىن ئىنتايىن ئۇنۇملۇك يوسۇندا پايدىلىنىۋاتقان ۋە شۇ ۋەجىدىن ئىقتىسادتا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنى مىسالغا ئېلىشقا بولىدۇ).

ئۇستقۇرۇلما خاراكتېرلىك ۋە ماتېرىيالىستىك ئانالىزلارغا ئاساسلانغاندا، يېڭى زېلاندىيەنىڭ خىتايدەك چوڭ دۆلەت بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەتلىرىنى جانلاندۇرۇشتا ئاكتىپ ئىپادىدە بولۇشى تەبىئىي ۋە چۈشىنىشلىك ئەھۋال. ئامېرىكا – خىتاي سودا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، يېڭى زېلاندىيە يېمەكلىك ساھەسىدىكى سودىگەرلەر ۋە باقمىچىلار خىتاينىڭ ئامېرىكا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورتىغا چەك قويۇۋاتقان شۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز ماللىرىنى خىتايغا كۆپلەپ ئىمپورت قىلىشىنى، ھۆكۈمىتىنىڭمۇ خىتاي بىلەن كۆپ قارشىلاشماي ياكى قورۇقچىلىق قىلماي، سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك پىلانلار ئارقىلىق تاشقى سودا ۋە ئېكسپورتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى زۆرۈر شەرت - شارائىتلار بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىشقان ئىدى. دەرۋەقە، مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلار خىتاي – ئامېرىكا سودا ئۇرۇشى يۈز بەرگەندىن كېيىنكى بىر يىلدا يېڭى زېلاندىيەنىڭ خىتاي بىلەن ئومۇمىي سودا سوممىسى ئىلگىرىكىدىن 4.7% ئاشقانلىقىنى كۆرسەتتى[24].

كىچىك لىبېرال دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ قايسى جەھەتلەردىن ئەۋزەللىكى بارلىقىنى، چوڭ كۈچلەر بىلەن ھەمكارلىششقا توغرا كەلگەندە زادى قانداق تاشقى سىياسەتنىڭ ئۆز دۆلىتى ئەھۋالىغا ئەڭ ماس كېلىدىغانلىقىنى تېپىپ چىقالىشى ۋە تاشقى سىياسەت جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئىستراتېگىيەلىك پىلان بويىچە ئىش كۆرەلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا چوڭ كۈچلەر بىلەن بولىدىغان يۈزمۇ - يۈز ئالاقىدە ئۈستۈنلۈكنى ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ ئەقەللىي مەنپەئەتلىرىنىمۇ قوغدىيالىشى ناتايىن[25]. ئىقتىسادىي گۈللىنىش ھەر قانچە مۇھىم بولغان ھالەتتىمۇ، خىتاينىڭ سۈت مەھسۇلاتلىرى ئىستېمالىنى تەمىنلەش ياكى سەيلە - ساياھەت، مائارىپتىن كېلىدىغان پايدىنى دەپلا ھەممىدە خىتاينىڭ ئېغىزىغا قارايدىغان ئىقتىدا ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىش يېڭى زېلاندىيەگە نىسبەتەن ناھايىتى خەتەرلىك سىياسەت ھېسابلىنىدۇ. خۇددى سابىق باش مىنىستىر جېنىنىي شىپلىي 2014 - يىلىدىكى «بوئاۋ ئاسىيا مۇنبىرى» دا تولۇق ئىشەنچ بىلەن: «يېڭى زېلاندىيە پەقەت كېلىشىمنامىلەرنى ئىمزالىغۇچى تەرەپ بولالاپلا قالماستىن، يەنە ئاسىيا ئۇل مۇئەسسەسە ۋە مەبلەغچىلىك بانكىسىنىڭ باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ» دەپ ئېيتالىغىنىدەك[26]، يېڭى زېلاندىيە ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدا ئورناتقان دوستلۇقى ۋە تەسىرىنى خىتاينىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىش ۋە باشقا دۆلەتلەرنى خىتاينى ھۆرمەتلەشكە چاقىرىشقا ئەمەس، خىتاينى يامانلىقلاردىن توسۇپ قېلىش، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قىممەت قاراشلىرىغا ماس ھالدا، ھەقىقىي تۈردە بىرلىكتە گۈللىنىشكە قاراتسا ئەڭ ئاقىلانە تەدبىر ئالغان بولىدۇ.

**ENNOTES**

1 New Zealand - China Free Trade Agreement Upgrade," accessed February 28, 2021, https://www.mfat.govt.nz/en/trade/free-trade-agreements/free-trade-agreements-concluded-but-not-in-force/nz-china-free-trade-agreement-upgrade/overview/.

2 Angus Maddison 2001 data cited in Max Roser, 'International Trade', OurWorldInData.org, 2014, ourworldindata.org/

data/global-interconnections/ international-trade/, accessed 4 February 2015.

3 "World Development Indicators." The World Bank DataBank,. Accessed March 8, 2021. https://databank.worldbank.org/reports.aspx?source=2&series=NY.GDP.MKTP.CD&country=.

4 New Zealand Ministry of Foreign Affairs and Trade. "Key Facts on New Zealand-China Trade." New Zealand Ministry of Foreign Affairs and Trade, June 2020. https://www.mfat.govt.nz/en/trade/free-trade-agreements/free-trade-agreements-in-force/china-fta/key-facts-on-new-zealand-china-trade/.

5 Chen, Shu-Ching Jean. "Landmark Trade Deal Struck By China, New Zealand." Forbes Magazine, June 19, 2013. https://www.forbes.com/2008/04/07/china-nz-fta-markets-econ-cx_jc_0407markets2.html?sh=7bee4e2137a8.

6 "New Zealand – China Free Trade Agreement (and Associated Instruments): National Interest Analysis." Ministry of Foreign Affairs and Trade of New Zealand , https://www.mfat.govt.nz/assets/Trade-agreements/China-NZ-FTA/NZ-China-FTA-National-Interest-Analysis.pdf

7 Brady, Anne-Marie. "China in Xi's" New Era": New Zealand and the CCP'S" Magic Weapons"." Journal of Democracy 29, no. 2 (2018): 68-75.

8 Lin, Jake. "Small state, smart influence: China's belt and road extended to New Zealand." In China's Belt and Road Initiative, pp. 179-197. Palgrave Macmillan, Cham, 2018.

9 "New Zealand - China Free Trade Agreement Upgrade," accessed February 28, 2021, https://www.mfat.govt.nz/en/trade/free-trade-agreements/free-trade-agreements-concluded-but-not-in-force/nz-china-free-trade-agreement-upgrade/overview/.

10 Xinhua. "China unveils action plan on Belt and Road Initiative", March 28, 2015,
http://english.www.gov.cn/news/top_news/2015/03/28/content_281475079055789.htm.

11 Yu, Jie. "The belt and road initiative: domestic interests, bureaucratic politics and the EU-China relations". Asia Eur J 16, 223–236 (2018). https://doi.org/10.1007/s10308-018-0510-0

12 Zhang, Wenxiang, Ilan Alon, and Christoph Lattemann. "China's Belt and Road Initiative: Changing the Rules of Globalization". 1st ed. Singapore: Palgrave Macmillan, 2018, 120.

13 Soong, Jenn-Jaw, "Perception and Strategy of ASEAN's States on China's Footprints under Belt and Road Initiative (BRI): Perspectives of State-Society-Business with Balancing-Bandwagoning-Hedging Consideration", The Chinese Economy, Volume 54:1, 2021, 1-8, DOI: 10.1080/10971475.2020.1809813

14 Roy, Eleanor Ainge. "New Zealand's Five Eyes Membership Called into Question over 'China Links'." The Guardian. May 28, 2018. https://www.theguardian.com/world/2018/may/28/new-zealands-five-eyes-membership-called-into-question-over-china-links.

15 Young, Jason, and Jake Lin. "The Belt and Road Initiative: a New Zealand Appraisal". Wellington, New Zealand: Victoria University of Wellington, New Zealand Contemporary China Research Centre, 2018, 15.

16 "New Zealand - China Free Trade Agreement Upgrade," Ministry of Foreign Affairs and Trade of New Zealand, https://www.mfat.govt.nz/en/trade/free-trade-agreements/free-trade-agreements-concluded-but-not-in-force/nz-china-free-trade-agreement-upgrade/overview/.

17 "Has Covid-19 Killed Globalisation?" The Economist. The Economist Newspaper, May 14, 2020. https://www.economist.com/leaders/2020/05/14/has-covid-19-killed-globalisation.

18 "NZ-China FTA Upgrade Negotiations Conclude." The Beehive, November 4, 2019. https://www.beehive.govt.nz/release/nz-china-fta-upgrade-negotiations-conclude.

19 Nye, Joseph S. "Bound to Lead: the Changing Nature of American Power". New York: Basic Books, 1990. 47.

20 Rep. "The Uyghur Genocide: An Examination of China's Breaches of the 1948 Genocide Convention", March 2021.

21 Galloway, Anthony. "NZ Trade Minister Suggests Australia Should Speak with 'More Diplomacy' in Dealings with China." The Sydney Morning Herald. The Sydney Morning Herald, January 28, 2021. https://www.smh.com.au/politics/federal/nz-trade-minister-suggests-australia-should-speak-with-more-diplomacy-in-dealings-with-china-20210128-p56xex.html.

22 Ashraf, Badar Nadeem. "Economic impact of government interventions during the COVID-19 pandemic: International evidence from financial markets." Journal of behavioral and experimental finance 27 (2020): 100371.

23 Kewalramani, Manoj, and Agastya Bhatia. "BRI in the Post-Covid World: Risks and Responses." (2020).

24 "Overseas Merchandise Trade: August 2019: Stats NZ." Overseas merchandise trade: August 2019 | Stats NZ. Accessed March 1, 2021. https://www.stats.govt.nz/information-releases/overseas-merchandise-trade-august-2019.

25 Zhang, Alon, and Lattemann. "China's Belt and Road Initiative: Changing the Rules of Globalization". 1st ed. 278.

26 McBeth, Paul. "Former PM Shipley Keen to Leverage Boao Appointment for NZ." Scoop News, April 22, 2015. http://www.scoop.co.nz/stories/BU1504/S00577/former-pm-shipley-keen-to-leverage-boao-appointment-for-nz.htm.



# خىتاي ئارمىيەسى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدەملىرى

**مۇھەممەدئەلى ئورخۇن**

ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ پەنلىرى دوكتورانتى.

E-mail: koltigin1127@gmail.com

**ئاساسىي مەزمۇنى:** خىتاي ئارمىيەسى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا خىتاي كوممۇنىست پارتىيە ئارمىيەسى 1927 – يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىسمىدىن تارتىپ قۇرۇلمىسى ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيەسىگىچە نۇرغۇن چوڭ - كىچىك ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. ماۋ زېدۇڭ، دىڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن قاتارلىق خىتاي رەھبەرلىرى زامانىدا چوڭ - كىچىك ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ھازىرقى رەئىس شى جىنپىڭ زامانىدا ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. بۇرۇنقى ئادەم كۈچى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىش ۋە ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان دۈشمەننى باشلاپ ئەكىرىپ مەغلۇپ قىلىش تاكتىكىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇرۇشلىرىغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى، كەلگۈسى ئۇرۇشلارنىڭ تېخنىكا ئۇرۇشى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن خىتاي زامانىۋى ئارمىيە قۇرۇپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ كۈچىيىشى، مەنپەئەت

دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئارمىيە زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدەملىرى تېز سۈرئەتتە داۋام قىلىنىۋاتىدۇ. خىتاي ئارمىيەسى ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدەملىرىنى تېزلەتكەنسېرى ئاسىيا تىنچ ئوكيانىدا ۋە چېگرادا ھەربىي ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ چوڭقايدى ۋە زومىگەرلىك تۈسىنى ئېلىشقا باشلىدى. خىتاينىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئامېرىكا ۋە ئاسىيادىكى قوشنىلىرىنى ئەنسىرىتىشكە باشلىدى. بۇ ماقالىدە خىتاي ئارمىيەسىنىڭ قىسقىچە تارىخى، ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدەملىرى، رايون دۆلەتلىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان ئىنكاسى ۋە خىتاينىڭ بۇ قەدەملىرىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان بەزى نەتىجىلىرى قىسقىچە تەھلىل قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: خىتاي ئارمىيەسى، قۇرۇلمىسى، زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئامېرىكا**

## خىتاي ئارمىيەسىنىڭ قىسقىچە تارىخى

خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 1927 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىنى قۇرۇلغان كۈنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. ھالبۇكى، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى ھەمكارلىق مەزگىلىدە يې تىڭ مۇستەقىل پولكى ئاللىقاچان كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ قوشۇنى ئىدى.

1927 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جياڭ جېيشى شاڭخەيدىكى كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرىنى تازىلاشقا باشلىدى.[1] 1927 - يىلى كۈزدىن 1928 - يىلى ئەتىيازغىچە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن نەنچاڭ قوزغىلىڭى، كۈزلۈك ھوسۇل قوزغىلىڭى، گۇاڭجۇ قوزغىلىڭى، شياڭنەن قوزغىلىڭى ۋە شەرقىي خۇبېي قوزغىلىڭى قاتارلىقلارنى ئېلىپ باردى. بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان قىسىملار خىتاي ئىشچى دېھقان ئىنقىلاب ئارمىيەسى دەپ ئاتالدى. 1928 - يىلى 5 - ئايدىن كېيىن قوشۇننىڭ ئىسمى قىزىل ئارمىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.[2]

بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە خىتاي كوممۇنىست ئارمىيەسى سان جەھەتتە زور دەرىجىدە ئازىيىپ بىرلا بازىسى قالدى. 1936 - يىلى 12- ئايدا شىئەن ۋەقەسىدىن كېيىن، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئۆزئارا ئىككىنچى ھەمكارلىقنى باشلىدى. 1937 - يىلى 7- ئىيۇل ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، قىزىل ئارمىيەنىڭ ئاساسلىق كۈچى دۆلەت ئىنقىلابى ئارمىيەسىنىڭ 81- كورپۇسىغا ئۆزگەرتىلدى. (سەككىزىنچى ئارمىيە) 1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - سەككىز ۋىلايەت، 13 رايوندىكى قىزىل ئارمىيە ۋە پارتىزانلار قايتىدىن دۆلەت ئىنقىلابى ئارمىيەسىنىڭ يېڭى 4 - ئارمىيەسىگە ئۆزگەرتىلدى[3]. بۇ مەزگىلدە 8 - ئارمىيە ۋە يېڭى 4 - ئارمىيە ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئاساسلىقى پارتىزانلار تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپ، ياپونلار بىلەن كەڭ كۆلەملىك جەڭ قىلىشتىن ساقلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياپون ئارمىيەسىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن يەرلىرىنى ئىگىلەپ، شەرقىي شىمالدا نۇرغۇن بازا قۇرۇۋالدى. يەرلىك ئاھالىدىن زور كۆلەمدە قوشۇن توپلاپ، مۇنتىزىم قوشۇن سانىنى 1 مىليون 200 مىڭغا يەتكۈزدى[4].

1946 - يىلى 6 - ئايدا ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدا ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى. 1946 - يىلى 10 – ئاينىڭ 3 - كۈنى «ئازادلىق كۈندىلىك گېزىتى»

تۈنجى قېتىم «خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى» نامىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى.1947 - يىلى 10 - ئۆكتەبىر «خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خىتابنامىسى» ئېلان قىلىندى. 1948 - يىلىنىڭ بېشىدا، پۈتۈن ئارمىيەنىڭ بارلىق قىسىملىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1949 - يىلى 4 - ئايدا دېڭىز ئارمىيەسى، 11 - ئايدا ھاۋا ئارمىيەسى، 1966 - يىلى 7 - ئايدا توپچىلار قىسمى، 1983 - يىلى زاپاس قىسىم قۇرۇلدى[5].

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 مىليون 500 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى. 1950 - يىلى 4 - ئايدا خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى ھەربىي خادىملارنىڭ ئومۇمىي سانىنى 5 مىليون 500 مىڭدىن تۆت مىليونغا قىسقارتىشنى قارار قىلدى. 1950 - يىلى مايدا، بېيجىڭدا خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، تەرتىپكە سېلىش ۋە قايتا تەشكىللەش پىرىنسىپى تۆۋەندىكىچە بېكىتىلدى: قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك قىسمى بولۇپ ئايرىلىدۇ؛ دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسى ئۇرۇش ۋە تىنچ مەزگىلدىكى ئارمىيە دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقان ئەسكەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دالا ئارمىيەسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ ؛ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلىدۇ.[6]

چوڭ كۆلەملىك ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈش 1950 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا باشلاندى. 1951 - يىلىنىڭ بېشىدا 940 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قىسقارتىلغان ئىدى. ئەمما شىمالىي كورىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، خىتاي ئارمىيەسى قايتىدىن كۆپەيتىلىپ، 6 مىليون 270 مىڭغا يەتكۈزۈلدى. - 1958 يىلىنىڭ ئاخىرىدا 2 مىليون 400 مىڭغا ئازايدى. ئەمما كېيىن خىتاي - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىشى ۋە ھىندىستان - خىتاي چېگرا توقۇنۇشىنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن ئەسكەر سانى يەنە بىر قېتىم شىددەت بىلەن ئۆرلەپ 1975 - يىلى 6 مىليون 100 مىڭغا يەتتى[7].

1960 - يىلىدىن - يىلىغىچە، خىتاي ئۆزى لايىھەلىگەن ۋە ئىشلەپچىقارغان يەر يۈزىدىن باشقۇرۇلىدىغان قىسقا ۋە ئوتتۇرا مۇساپىلىك بومبا ۋە تۇنجى ئاتوم بومبىسى، ھىدروگېن بومبىسىنى پارتلاتتى[8].

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خىتاي ئارمىيەسى 1950 - يىلىدىكى كورىيە ئۇرۇشى، 1962 – يىلىدىكى ھىندىستان - خىتاي چېگرا توقۇنۇشى، 1969 – يىلىدىكى سوۋېت – خىتاي چېگرا توقۇنۇشى، 1979 - يىلىدىكى ۋيېتنام - خىتاي ئۇرۇشى قاتارلىقلارنى باشتىن كەچۈردى ۋە 1979 – يىلىدىكى ۋيېتنام ئۇرۇشىدىن باشقىسىدا ئاساسەن يېڭىلمىدى دېيىشكە بولىدۇ[9].

خىتاي ئارمىيەسى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھەرخىل سىياسىي كۈچلەرنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالدى ۋە ئارمىيە ئىچىدە چىرىكلىشىش، گۇرۇھۋازلىق ئەۋج ئالدى. 1979 – يىلىدىكى ۋيېتنام بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى ۋە ئەڭ ئاز 28 مىڭ ئەسكىرى ئۆلۈپ، 43 مىڭ ئەسكىرى يارىلاندى. بۇ مەغلۇبىيەت بىلەن قانچىلىك ئاجىزلاشقانلىقىنى ھېس قىلغان خىتاي ئارمىيەسى دىڭ شىياۋپىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە قايتىدىن تەشكىللىنىشكە باشلىدى. دىڭ شىياۋپىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن خىزمەتنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىقتىسادنى ۋە تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ھەربىي تەرەققىياتقا ئۇل سېلىش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشنىڭ ئاساسەن بولمايدىغانلىقى،

كىچىك رايون خاراكتېرلىك ئۇرۇش بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ چوڭلۇقى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇشنىڭ زامانىۋى قوراللار ۋە تېخنىكىلار بىلەن بولىدىغان زامانىۋى ئۇرۇش ئىكەنلىكى، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن سانغا ئەمەس، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكى ۋە كەلگۈسىدىكى زامانىۋى ئۇرۇشقا ماسلىشالايدىغان ئارمىيە قۇرۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ خىتاي ئارمىيەسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۆلىنىشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم بىر قارار ئىدى. بۇ قاراردىن كېيىن خىتاي ئارمىيەسى قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنى مەركەز قىلغان، سان جەھەتتىكى غايەت زور ئۈستۈنلۈككە تايانغان ئارمىيەدىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاساسىدا باشقا ئارمىيەلەرنىمۇ تەڭ تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، سان جەھەتتە زىيادە كۆپ بولمىغان، ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك، يۇقىرى تېخنىكىغا تايانغان، قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددىيلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئارمىيە بولۇشقا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. ئەمما دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم خىزمىتى ئىقتىساد ۋە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولغاچقا، ھەربىي خام چوتى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، دۆلەت خىتاي ئارمىيەسىنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەرلىك ئىقتىساد بىلەن تەمىنلىيەلمىدى[10].

1985 - يىلى 7 – ئاينىڭ 11 - كۈنى ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزى ھەربىي كومىتېتى «ھەربىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، تەرتىپكە سېلىش ۋە قايتا تەشكىللەش پىلانى»نى تەستىقلىدى. تەلەپكە ئاساسەن، سىستېمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە قايتا تەشكىللەشنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلدى.1987 - يىلغا كەلگەندە، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئومۇمىي سانى 4 مىليون 238 مىڭدىن 1990 - يىلغا كەلگەندە، 3 مىليون 199 مىڭغا ئازايتىلىپ، جەمئىي 1 مىليون 39 مىڭ ئادەم قىسقارتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەسلىدىكى 11 چوڭ ھەربىي رايون تەرتىپكە سېلىنىپ، يەتتە ھەربىي رايون قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ئارمىيە گورۇپپىسى (Army Group ) ۋە قۇرۇقلۇق ئاۋىياتسىيە ئارمىيەسى قۇرۇلدى، تېخنىكىلىق ئەسكەرلەرنىڭ نىسبىتى ئاشۇرۇلدى[11]. بۇ خىتاي ئارمىيەسىنى ئىستراتېگىيەلىك قۇرۇلمىلىق تەڭشەشنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى دېيىشكە بولىدۇ.

نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر 1993 – يىلنى خىتاينىڭ ئارمىيە زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنىڭ باشلىنىشى دەپ قارايدۇ[12]. جىياڭ زېمىن ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئەسكەر قىسقارتىش ۋە ئارمىيەنىڭ تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەپ داۋام قىلدى. 1991 - يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى، بۇنىڭ بىلەن خىتايغا بولغان ھەربىي ۋە سىياسىي بېسىم زور دەرىجىدە ئاشتى. 1991 – يىلى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىكى ئىلغار قوراللىرى ۋە جەڭ تاكتىكىلىرى خىتاينى قاتتىق چۆچۈتتى. 1996 - يىلىدىكى تەيۋەن بوغۇزى كرىزىسى خىتاينىڭ ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە كەمچىلىكىدىن خەۋەردار بولغان خىتاي بارلىق تىرىشچانلىقى بىلەن ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلەتتى. 1990 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە 700مىڭ ئەسكەر قىسقارتىلدى. جىياڭ زېمىن، ھەربىي ئىستراتېگىيە ۋە رەھبەرلىك قۇرۇلمىسى قاتارلىقلاردا زور ئۆزگىرىشلەر ئېلىپ باردى. 1999 - يىلىدىن باشلاپ ھەربىي خامچوت تېز سۈرئەتتە ئېشىشقا باشلىدى. رۇسىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىن ئىلغار قوراللارنى سېتىۋېلىش بىلەن

بىرگە قورال – ياراق تەتقىقاتىنى تېزلەتتى[13].

خۇ جىنتاۋنىڭ مەزگىلىدە، ئارمىيەنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمى تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. خۇ جىنتاۋ «يۇقىرى تېخنىكىلىق شارائىتتا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش» ئىستراتېگىيەلىك سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ «ئۇچۇر تېخنىكىسى شارائىتىدا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش»نى ئوتتۇرىغا قويىدى. خىتاينىڭ رەقەملىك ۋە ئۇچۇر سىستېمىسىنى كۈچەيتىپ، تور ئىقتىدارى ۋە بىرلەشمە ھەربىي ھەرىكەتنىڭ ئومۇمىي قوماندانلىق قۇرۇلمىسىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. باشقىچە ئېيتقاندا، يېڭى ئەسىرنىڭ باشلىنىشى بىلەن، ئەسكىرىي زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ نىشانى C4SIR (قوماندانلىق قىلىش، كونترول قىلىش، ئالاقە، كومپيۇتېر، ئاخبارات، نازارەت قىلىش ۋە رازۋېدكا قىلىش) بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە 2004 - يىلى 12 – ئايدا«ھەربىيلەرنىڭ يېڭى تارىخى بۇرچى»نى جاكارلاپ، تۆت يېڭى ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە بۇ ئارقىلىق ئارمىيەنى يېڭى ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. يېڭى ۋەزىپىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى خىتاي ئارمىيەسىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنى قوغداش بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ دۇنيادىكى مەنپەئەتلىرىنى قوغداش، شۇنداقلا دۇنياغا ئېچىلىپ خەلقئارالىق ھەربىي كۈچ بولۇش ئىدى. خۇ جىنتاۋنىڭ ئۇسۇلى گەرچە ئالاھىدە يېڭىلىق بولمىسىمۇ خىتاي ئارمىيەسى ئۇچۇن يېڭى ئىستراتېگىيە ۋە مەشغۇلات ئۇيۇقلىرىنى ئاچتى. 2011 - يىلى، لىۋىيەدىكى خىتاي پۇقرالىرىنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى خىتاينىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش قابىلىيىتىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالدى[14].

2012 - يىلى شى جىنپىڭ ھاكىمىيەتكە كەلگەندىن كېيىن، ئىككى چوڭ قەدەم بىلەن خىتاي قوراللىق كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. بىرىنچىسى 2013 - يىلى بولۇپ، ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن يېڭى نەشر قىلىنغان رەسمىي ھەربىي قوللانما «ئىستراتېگىيە ئىلمى» (战略学) ئېلان قىلىندى[15]. خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى بۇ قوللانمىدا خىتاينىڭ ئومۇمىي دۆلەت بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيەسى، ئۇرۇشنىڭ بەش ئۆلچەملىك خاراكتېرى ۋە خىتاينىڭ يېڭى ئەسىردىكى سىياسىي رىقابەت ئەھۋالىنى ۋە كېيىنكى قەدەملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. ئىككىنچى چوڭ ئۆزگىرىش 2016 - يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسى تارىختىكى ئەڭ چوڭ ھەربىي ئىسلاھاتنىڭ بىرىنى ئېلىپ باردى[16]. بۇ ئارقىلىق خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خىتاي ئارمىيەسىدىكى تىزگىنلەش ھوقۇقى كۈچەيتىلىش بىلەن بىرگە، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدا مۇھىم قەدەملەر ئېلىنغان بولدى. بۇ قەدەملەر ھەققىدە تۆۋەندە تەپسىلىي توختىلىمىز.

## خىتاي ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇلمىسى

**رەھبەرلىك**

خىتاي ئارمىيەسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئەزەلدىن كوممۇنىست پارتىيەنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. خىتاي ئارمىيەسىنىڭ تولۇق ئىسمى «خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى» بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئارمىيە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئارمىيەسى. 1925 - يىلى خىتاي كومپارتىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپى بىلەن مەركىزى ھەربىي كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1954 - يىلى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ

مەركىزى ھەربىي كومىتېتى ھەربىي ھوقۇقنى قولىغا ئالدى. 1982 - يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، بەشىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنى» نى ماقۇللىدى. 3 - بابىدىكى «دۆلەت ئورگانلىرى» بۆلۈمىنىڭ 4 - ماددىسىغا ئاساسەن «مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى» قۇرۇلدى[17]. بۇ خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ھەربىي كومىتېتى بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەربىي كومىتېتى بىرلەشكەن ئورگان، ئىككى ھەربىي كومىتېتنىڭ ئورتاق نامى «مەركىزىي ھەربىي كومىتېت »بولۇپ، خىتاي ئارمىيەسى ۋە ساقچى قىسىمىنىڭ ئەڭ چوڭ قوماندانلىق مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە بۇ ئىككى ئورگاننىڭ ئەزالىرى ئوخشاش بولىدۇ.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى خىتاي ئارمىيەسىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىنى كونترول قىلىدۇ، پەقەت خىتاي كومپارتىيەسىلا ئارمىيەدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنى تەيىنلىيەلەيدۇ. كوممۇنىست ياشلار ئىتتىپاقىدىن باشقا ھەر قانداق پارتىيە، سىياسىي تەشكىلات ياكى ئورگاننىڭ خىتاي ئارمىيەسى ئىچىدە تەشكىلات قۇرۇشى، ئەزا قوبۇل قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەربىي قىسىملىرىدا ھەربىي ۋە سىياسىي خىزمەتكە مەسئۇل ئىككى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مەۋجۇت[18].

## ئىدارە ئورگانلىرى

2016 - يىلىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن خىتاي ئارمىيەسى، باش ئىشتابى، بىرلەشمە قوماندانلىق ئىشتابى، سىياسىي خىزمەت ئىشخانىسى، ئارقا سەپ ئىشخانىسى، ئەسلىھە تەرەققىيات بۆلۈمى، مەشىق باشقۇرۇش بۆلۈمى، دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتى،پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئىستراتېگىيەلىك پىلان ئىشخانىسى، ئىسلاھات ۋە تەشكىللەش ئىشخانىسى، خەلقئارا ھەربىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى، ئىقتىسادىي تەپتىش ئىشخانىسى، ئومۇمىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق 15 ئىجتىمائىي ئورگاندىن تەركىب تاپىدۇ[19].

## ھەربىي رايون

خىتاي ئارمىيەسى ھەربىي رايونى ئەنئەنىسى بۇرۇندىن داۋاملاشقان بىر قائىدە بولۇپ، كۆپ قېتىملىق ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى. 1956 - يىلى 13 ھەربىي رايونغا بۆلۈنگەن خىتاي ئارمىيەسى 1980 - يىللاردا يەتتە ھەربىي رايون قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 2016 - يىلىغا كەلگەندە نەنجىڭ مەركەزلىك شەرقىي ھەربىي رايون، چېڭدۇ مەركەزلىك غەربىي ھەربىي رايون، شېنياڭ مەركەزلىك شىمالىي ھەربىي رايون، گۇاڭجۇ مەركەزلىك جەنۇبىي ھەربىي رايون ۋە بېيجىڭ مەركەزلىك مەركىزىي ھەربىي رايون دەپ بەش ھەربىي رايونغا ئۆزگەرتىلدى[20].

## قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى

خىتاي قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى 1927 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈننى ئۆزىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغان ۋاقتى دەپ قارايدۇ. خىتاينىڭ ئارمىيە ئىسلاھاتىدىن كېيىن 2015 – يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن خىتاي قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئاساسلىق كۈچى ھېسابلىنىدۇ. ھازىر 915 مىڭ ئەسكىرى بار بولۇپ، دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى. خىتاي قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى، بىرونېۋىك قىسمى، زەمبىرەك قىسمى، ھاۋا مۇداپىئەسى قىسمى،قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىياتسىيە قىسمى، ئىنژېنېر قىسمى،

خىمىيەلىك مۇداپىئە قىسمى، ئۇچۇر ئالاقە قىسمى، ئېلېكترونلۇق قارشىلىشىش قىسمى، رازۋېدكا قىسمى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

### دېڭىز ئارمىيەسى

ختاي دېڭىز ئارمىيەسى 1949 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇلغان نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئاساسلىقى، دېڭىزدىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، 21 - ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن تېز تەرەققىي قىلىپ، دېڭىزدا جەڭ قىلىش ۋە دېڭىز - ئوكيان مۇداپىئە ئىقتىدارىغا ئىگە دېڭىز ئارمىيەسى بولۇشقا باشلىدى. ختاي دېڭىز ئارمىيەسى دېڭىز يۈزى ئۇرۇش پاراخوتى قىسمى، دېڭىز ئاستى پاراخوتى قىسمى، دېڭىز هاۋا ئارمىيەسى قىسمى، دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمى ۋە دېڭىز قىرغىقى مۇداپىئە قىسمى قاتارلىق بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان[21]. دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ پاراخوت قىسمى ئۇرۇش پاراخوتى قىسىملىرى ۋە مۇلازىمەت پاراخوتى قىسىملىرىدىن تەركىب تاپقان.

### هاۋا ئارمىيەسى

ختاي هاۋا ئارمىيەسى 1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قۇرۇلغان. 70 يىلغا يېقىن تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن ختاي هاۋا ئارمىيەسى، كۈچلۈك هاۋا مۇداپىئە ۋە هۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە هاۋا ئارمىيەسى هالىغا كەلدى. ختاي هاۋا ئارمىيەسى ئاۋىياتسىيە قىسمى، هاۋا مۇداپىئەلىنىش قىسمى، پاراشۇت قىسمى، ئۇچۇر ئالاقە قىسمى، رادار قىسمى، ئېلېكترونلۇق قارشىلىشىش قىسمى، خىمىيەلىك مۇداپىئە قىسمى، رازۋېدكا قىسمى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.[22].

### راكېتا ئارمىيەسى


ختاي ئارمىيەسىنىڭ راكېتا ئەترىتى 1966 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدە «ختاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىككىنچى زەمبىرەك ئەترىتى» دەپ ئاتالغان. 2015 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئىككىنچى زەمبىرەك ئەترىتى «راكېتا ئارمىيەسى» گە ئۆزگەرتىلگەن. راكېتا ئارمىيەسى ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسىملىرى، تاكتىكىلىق ئەنئەنىۋى باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسىملىرى ۋە مۇناسىپ مەشغۇلات قوللاش تارماقلىرى (بۆلۈمى) دىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان يادرو بومبا قىسمى يادرو تەهدىتىنى توسايدىغان ئاساسلىق كۈچ. بۇ قىسىمغا مەركىزى هەربىي ئىشلار كومىتېتى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدۇ[23].

### ئىستراتېگىيەلىك ياردەم قىسمى

ئىستراتېگىيەلىك ياردەم قىسمى 2015 - يىلى 31 - دېكابىر قۇرۇلغان بىر قەدەر سىرلىق قىسىم. كۆزىتىشلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش، تور ئۇرۇشى، پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇش، سۈنئىي هەمراھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا مەسئۇل. بۇ قىسىم باش ئىشتاب، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، تور سىستېمىسى بۆلۈمى، ئالەم قاتناش سىستېمىسى بۆلۈمى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

### ئەشيا ئوبوروتىغا كاپالەتلىك قىلىش بىرلەشمە قىسمى

ئەشيا ئوبوروتىغا كاپالەتلىك قىلىش بىرلەشمە قىسمى 2016 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئارمىيەنىڭ قورال - ياراق ۋە باشقا بۇيۇملىرىنى ساقلاش، داۋالاش مۇلازىمىتى، قاتناش ۋە يەتكۈزۈش، نېفىت تۇرۇبا يولى، قۇرۇلۇش، قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش، زاپاس مۈلۈك باشقۇرۇش، قورال - ياراق ۋە هەربىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش قاتارلىق ئارقا سەپ ئىشلىرىغا مەسئۇل[24].




## ختاي ئارمىيەسىنىڭ ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدەملىرى

1997 - يىلى ئەينى ۋاقىتتىكى ختاي رەئىسى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى رەئىسى جياڭ زېمىن 1998 - يىلىدىن 2050 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئارمىيەنى ئۈچ باسقۇچلۇق زامانىۋىلاشتۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدى[25]. بۇنىڭ بىلەن ختاينىڭ ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمى تېخىمۇ تېز ۋە كۈچلۈك شەكىلدە داۋام قىلدى. شى جىنپىڭ ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن، ئارمىيەنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىستراتېگىيەسىدە زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك بىر شەكىلدە داۋام قىلىۋاتىدۇ.

### ھەربىي ئىستراتېگىيەسىدىكى ئۆزگىرىشلەر

ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1993 – يىلىغىچە ختاي ئارمىيەسى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، مۇداپىئەنى ئاساس قىلىش، دۈشمەننى باشلاپ كىرىپ يوقىتىش،ئادەم كۈچى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇشنى ئۇزۇنغا سوزۇپ، دۈشمەننى ھالسىزلاندۇرۇش قاتارلىق ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان «خەلق ئۇرۇشى» ئىستراتېگىيەسىدە مېڭىپ كەلدى. گەرچە 1980 - يىلى «ھازىرقى زامان شارائىتىدا خەلق ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىش» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ختاي ئارمىيەسىدە كۆرۈنەرلىك چوڭ

ئۆزگىرىش بولمىدى. 1993 - يىلى جياڭ زېمىن «زامانىۋى تېخنىكا، بولۇپمۇ يۇقىرى تېخنىكىلىق شارائىتتا كىچىك ۋە رايون خاراكتېرلىك ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىش» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى[26]. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى مۇداپىئەنى ئاساس قىلغان ئىستراتېگىيەنى ئاكتىپ ھۇجۇم قىلىشقا تەييار تۇرۇشقا ئۆزگەرتتى. بۇ خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيەسىدىكى مۇھىم ئۆزگىرىش دېيىشكە بولىدۇ. 1993 - يىلىدىن بۇرۇنقى ھەربىي ئىستراتېگىيە خىتايىنى سىرتقى كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداشنى ئاساس قىلغان بولسا، ئەمدى ۋاقتى كەلگەندە دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا تەييار تۇرغان بىر ئارمىيە قۇرۇش يولىغا قەدەم قويدى دېيىشكە بولىدۇ. 2004 - يىلى خۇجىنتاۋ « ئۇچۇرلاشقان شارائىتتا كۆلەملىك جەڭدە غەلىبە قىلىش» ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاينىڭ كۈنسېرى چوڭىيىۋاتقان مەنپەئەت چەمبىرىكىنى قوغداش ئۈچۈن خىتاي ئارمىيەسىگە تۆت تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كۈچىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش؛ 2. دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت دەۋرىنى كۈچلۈك بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش؛ 3. دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىستراتېگىيەلىك كاپالەت تەمىنلەش: 4. دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ۋە ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناش؛ بۇ خىتاي ئارمىيەسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسىنىڭ رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئىدى[27]. 2012 - يىلى شى جىنپىڭ ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن،«خىتاي چۈشى»نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن خىتاينىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيەسىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. 2015 – يىلى خىتاي يېڭى ئېلان قىلغان «خىتاينىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيەسى» ھۆججىتىدە «دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداشنىڭ يېڭى تەلىپىگە ماسلىشىش، پايدىلىق ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن ھەربىي كۈچ ۋە ۋاسىتىلەرنى ئىشلىتىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، ھەربىي ۋە خەلقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش يولىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىنى ئاكتىپ قوللاپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پىلانىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش» دەپ كۆرسىتىلدى.

2019 - يىلىدىكى «دۆلەت مۇداپىئەسى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابىدا خىتاينىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئىستراتېگىيەسى «خىتايغا بولغان تاجاۋۇزچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە قارشى تۇرۇش، دۆلەتنىڭ سىياسىي ئامانلىقى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش، تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى چەكلەش ۋە قارشى تۇرۇش، خەلقئارالىق بۆلگۈنچى كۈچلەرگە زەربە بېرىش» دەپ كۆرسىتىلدى[28].

## قۇرۇلمىدىكى ئۆزگىرىشلەر

خىتاينىڭ ھەربىي قۇرۇلمىسى شى جىنپىڭ زامانىدا ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى. 2015 - يىلى 11 - ئايدا، مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سابىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتى رەھبەرلىكىدىكى ئازادلىق ئارمىيەنىڭ تۆت چوڭ بۆلۈمىنى (ئەشيا ئوبوروتى بۆلۈمى، باش ئىشتاب بۆلۈمى، سىياسىي بۆلۈم ۋە قورال - ياراغ بۆلۈمى) بىر يۇقىرىدا كۆرسەتكەن 15 بۆلۈم قىلىپ ئۆزگەرتتى[29]. بۇنىڭ بىلەن خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئارمىيە ئىچىدىكى تەسىرى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى.

2015 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى رەھبەرلىكىدىكى راكېتا ئارمىيەسى

ۋە ئىستراتېگىيەلىك ياردەم قىسمى رەسمىي قۇرۇلدى[30]. 2016 - يىلى 9 - ئايدا ئەشيا ئوبوروتىغا كاپالەتلىك قىلىش بىرلەشمە قىسمى قۇرۇلدى[31]. قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ تەسىس قىلىنىشى خىتاي ئارمىيەسىدە قۇرۇقلۇق ئارمىيە قىسمىنىڭ باشقا قىسىملاردىن ئۈستۈن بولۇش ئەندىزىسىنى بۇزغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىرى ئارمىيە ئىچىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن خىتاي ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ھەرىكەتچانلىقىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەتتە ھەربىي رايون شەرقىي ھەربىي رايون، غەربىي ھەربىي رايون، شىمالىي ھەربىي رايون، جەنۇبىي ھەربىي رايون، مەركىزىي ھەربىي رايون دەپ بەش ھەربىي رايونغا ئۆزگەرتىلدى. 2016 - يىلى 1 - ئايدا، ئازادلىق ئارمىيە مەركىزىي سىياسىي بۆلۈمى ۋە ئازادلىق ئارمىيە سىياسىي - قانۇن كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ سىياسىي - قانۇن كومىتېتى قۇرۇلدى[32].

### ئارمىيەدىكى ئۆزگىرىشلەر

قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئەڭ چوڭ كۈچى بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان ئەڭ مۇھىم كۈچ دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ئەمما بېيجىڭ كۈچلۈك دېڭىز ۋە ھاۋا ئىقتىدارىغا ئىگە بىر گەۋدىلەشكەن ئارمىيە قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئۇنىڭ قوماندانلىق قۇرۇلمىسىنى ئىخچاملاش. كىچىك، چاققان ئورۇنلارنى قۇرۇپ، تۆۋەن دەرىجىلىك قوماندانلارغا ھوقۇق بېرىش ئىدى. خىتاي قۇرۇلمىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن باشقا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ قوراللىرىنى يېڭىلىماقتا. مەسىلەن، ئۇنىڭ يېنىك تىپتىكى 15Type تىپلىق تانكىسى 2018 - يىلى ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، شىزاڭ قاتارلىق ئېگىزلىك رايونلىرىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا 20 - Z تىپلىق تىك ئۇچار ۋە نۇرغۇن ئىلغار تىپلىق ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانغا ئىگە[33].

دېڭىز ئارمىيەسى خىتاينىڭ ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان ئارمىيەسى ھېسابلىنىدۇ. دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ تەخمىنەن 255 مىڭ ئاكتىپ ئەسكىرى ۋە 500 دىن ئارتۇق پاراخوتى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئاۋىياماتكا (بىرىنى ئۆزى ياسىغان، بىرىنى ئۇكرائىنادىن سېتىۋالغان )، سەككىز پىرېستاندىكى دېسانت پاراخوتى، 130 دىن ئارتۇق سۇ يۈزى ئۇرۇش پاراخوتى، جەمئىي 350 ئۇرۇش پاراخوتىغا ئىگە بولۇپ، ئامېرىكانىڭ 293 ئۇرۇش پاراخوتىدىن خېلىلا كۆپ. 2019 - يىلى، خىتاي تۇنجى يۈشېن سىنىپىدىكى LHA 075 تىپلىق ئامفىباب ھۇجۇم پاراخوتىنى ياساپ چىقتى. خىتايدا ئىشلەپ چىقىرىلغان ئىككىنچى ئاۋىياماتكا 2024 - يىلى رەسمىي ئىشلىتىلىشكە باشلايدۇ. خىتاي دېڭىز ئارمىيەسى ئاكتىپ مۇلازىمەتتىكى پاراخوت سانى جەھەتتە دۇنيا بويىچە بىرىنچى، ئاكتىپ مۇلازىمەتتىكى پاراخوتلارنىڭ ئومۇمىي تونىنىسى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئەڭ چوڭ دېڭىز قوراللىق كۈچى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىدىن قالسىلا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيەسى ھەربىي كۈچى دەپ قارىلىدۇ[34]. ئامېرىكانىڭ 2020 - يىللىق خىتاي ھەربىي كۈچى دوكلاتىدا خىتاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ كۈچىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ كەلگۈسىدە ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىش ئېھتىمالى بارلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان[35].

2020 - يىلىغا قەدەر خىتاي ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ تەخمىنەن 398 مىڭ ئاكتىپ ئەسكىرى بار. خىتاي ئەزەلدىن ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ كۈچىنى رەسمىي ئاشكارىلىمايدىغانلىقى ئۈچۈن چەت ئەل

مەنبەلىرىنىڭ مۆلچەرىچە خىتاينىڭ ئاكتىپ مۇلازىمەتتە 3200 دىن ئارتۇق ھەربىي ئايروپىلانى بار ئىكەن. بۇلار 2000 دىن ئارتۇق كۈرەشچى ئايروپىلان، 400 دىن ئارتۇق بومباردىمانچى ئايروپىلان، 450 تىن ئارتۇق ئۆۋچى بومباردىمانچى ئايروپىلان، 450 تىن ئارتۇق ھاۋادا ماي قاچىلىغۇچى ۋە تىرانسپورت ئايروپىلانى، ھەر خىل ئېلېكتىرونلۇق ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ۋە ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە مەشقاۋۇل ئايروپىلانلىرى، كۆپ ساندىكى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىچىدە، H - 6K، H - 6N, J 20 - گە ئوخشاش ئەڭ يېڭى تىپتىكى كۈرەشچى ئايروپىلانلارمۇ بار[36].

راكېتا ئارمىيەسى خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى ۋە يادرو باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنى قوغداشقا مەسئۇل بولۇپ، 2015 - يىلىدىكى ئىسلاھات مەزگىلىدە مۇستەقىل قىسىم بولۇپ قۇرۇلغان. ئۇنىڭ تەخمىنەن 120 مىڭ ئاكتىپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەسكىرى بار. خىتاي يادرو قورال ئامبىرىنى داۋاملىق ئاشۇرماقتا ۋە ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرماقتا. (2019 - يىلىدىكى يادرو ئوق بېشى 290 دانە[37]) بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكانىڭ غەربىي تىنچ ئوكيان ئۇرۇش پاراخوتىنى نىشانلىيالايدىغان پاراخوتقا قارشى باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياساش قاتارلىقلارمۇ بار[38]. خەۋەرلەرگە قارىغاندا خىتايدا ئەڭ يىراق مۇساپىلىك باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بار بولۇپ، تاكى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ئامېرىكا ۋە رۇسىيەنىڭ بۇنداق قورال ئىشلەپچىقىرىشى چەكلەنگەن[39].

بۇنىڭدىن باشقا خىتاينىڭ دېڭىز ئاستى تەكشۈرۈش سىستېمىسى، ئاۋىياماتكىدىن خەۋەر بېرىش ۋە مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى، ھاۋا مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى، رادار، ئېلېكتىرونلۇق ئۇرۇش سىستېمىسى، سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئالەم تېخنىكىسى قاتارلىقلار دۇنيانىڭ ئالدىنقى سەۋىيەسىگە يەتكەن بولۇپ، ئاسىيا تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى تىنچ ئوكيان تەۋەسىدە ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەقىبلىرىگە زەربە بېرىش، ئېلېكتىرونلۇق كاشىلا بىلەن ھەربىي ھەرىكىتىنى ئاقسىتىش، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھۇجۇملارنى ئالدىن بىلىش ۋە توسۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا خىتاي رۇسىيەدىن سېتىۋالغان كۈرەشچى ئايروپىلان، ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى، رادار قاتارلىقلارنى يېڭىلاپ، ئۆزىنىڭ ئىلغار قوراللىرىنى تەتقىق قىلىشقا ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى.

خىتاي ئارمىيەسى كۆپ ئەھۋالدا چەت ئەل ھەربىي ئەسلىھەلىرىگە، بولۇپمۇ رۇسىيەنىڭ ھەربىي ئەسلىھەلىرىگە تايانسىمۇ، ئەمما يېقىنقى نەچچە ئون يىلدا، خىتاي ھۆكۈمىتى دۆلەت ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى مۇداپىئە شىركەتلىرىگە كۆپلەپ مەبلەغ سالدى. خىتاي نۇرغۇن ئىلغار ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى، ئاۋازدىن تېز باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئاۋىياماتكا، يادرو سۇ ئاستى پاراخوتى قاتارلىق ئەڭ يېڭى ۋە ئىلغار قوراللارنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. شى جىنپىڭ ھەربىي ۋە پۇقرالار بىرلىشىشنى داۋاملىق تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ. خىتايدىكى نۇرغۇن خۇسۇسىي شىركەتلەر چەت ئەل شىركەتلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، چەت ئەل تېخنىكىلىرىنى خىتاي ئارمىيەسىدە قوللىنىشقا شارائىت ھازىرلاپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە سۈنئىي ئىدراك ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا. ھازىر خىتاي ئارمىيەسىنىڭ نۇرغۇن ئۈسكۈنىلىرى خىتايدا ياسىلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، SIPRI نىڭ 2020 - يىلىدىكى دوكلاتىغا قارىغاندا، خىتاي، ئامېرىكادىن قالسىلا دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ قورال - ياراغ ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەت[40].

## خىتاي ھەربىي كۈچىنىڭ چەت ئەللەرگە كېڭىيىشى

خىتاي «خىتاي چۈشى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خىتاينىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، خەلقئارادىكى تەسىر كۈچىنى زورايتىش ۋە ئىقتىسادىي كۈچى ئارقىلىق سىياسىي كۈچ قازىنىش ئۈچۈن «يېڭى يىپەك يولى» قۇرۇلۇشى تۈرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن خىتاينىڭ دۇنيادىكى مەنپەئەت دائىرىسى كېڭىيىۋاتىدۇ ۋە خىتاي ئارمىيەسى خىتاينىڭ بۇ مەنپەئەت چەمبىرىكىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. خىتاي بۇ تۈر ۋە باشقا مەنپەئەت دائىرىسىنى قوغداش ئاساسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرى ۋە باشقا ئاسىيا ئافرىقا ئۆلكىلىرى بىلەن بىخەتەرلىك ھەمكارلىقى ئورنىتىش، يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئۇچرىشىش ئېلىپ بېرىش، يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى چەت ئەلگە ئەۋەتىش، بىرلەشمە مانېۋىر ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق خىتاي ئارمىيەسىنىڭ كۈچىنى نامايان قىلىش ۋە تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىشكە تىرىشىۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا خىتاي ئارمىيەسى دېڭىز قاراقچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، بىخەتەرلىك ياردىمى، ئىنسانىي ياردەم، تىنچلىقنى ساقلاش ۋەزىپىسى، ئالەم قاتنىشى ياردىمى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە، ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىگە ئەسكەر، ھەربىي تەلىم - تەربىيە، يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي مەسلىھەتچىلىك قاتارلىق[41] ياردەملىرى ئارقىلىق خىتاي ئارمىيەسىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش، چەت ئەلگە يەرلىشىش ۋە ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسىگە ئېرىشىش قاتارلىق مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتىدۇ.

«يېڭى يىپەك يولى» تۈرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە خىتاينىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن خىتاي يىپەك يولى ئۆتەڭلىرىدىكى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافرىقا ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە خىتاينىڭ تىجارەتلىرىنى، مال توشۇش يولىنى،سودا پورتلىرىنى قوغداش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش باھانىلىرى بىلەن بۇ رايونلاردا ئەسكەر تۇرغۇزۇش، ھەربىي بازا ياكى قاراۋۇلخانا قۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا. 2017 - يىلى جىبۇتىدا چەت ئەلدىكى تۇنجى ھەربىي بازىسىنى ئاچتى. گەرچە خىتاي تەرەپتىن رەت قىلىنغان بولسىمۇ 2019 - يىلى خىتاينىڭ كامبودژادا يەنە بىر بازا قۇرغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر تارقالغان ئىدى. خىتاي يەنە تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن ھەربىي ھەمكارلىق ئورنىتىپ ئەسكەر تۇرغۇزۇش، قاراۋۇلخانا قۇرۇش ئىشلىرىنى داۋام قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خىتاي 2013 - يىلى شىمالىي قۇتۇپ كېڭىشى كۆزەتكۈچى دۆلەت سالاھىيىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، 2018 - يىلى خىتاي «قۇتۇپ ئىستراتېگىيەسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاينى شىمالىي قۇتۇپقا يېقىن دۆلەت دەپ ئېلان قىلدى. 2019 - يىلى خىتاي شاڭخەيدە «خىتاي شىمالىي قۇتۇپ مۇنبىرى» يىغىنى چاقىرىپ، شىمالىي قۇتۇپ يىپەك يولى پىلانىنى مۇنازىرە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خىتاي «شىمالىي قۇتۇپ رىقابىتى»گە قاتنىشىش ۋە رايوندا سىياسىي ۋە ھەربىي تەسىرىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ[42].

بۇنىڭدىن باشقا خىتاي يەنە پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش، خەلق رايى ئۇرۇشى، قانۇن ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇقۇملارنى تەكىتلەپ بەزى رايون ۋە مەسلىلەردە قەستەن تالاش - تارتىش پەيدا قىلىپ، تالاش - تارتىشتا خەلقنىڭ ۋە شېرىكلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە

تېرىشىپ، تالاش - تارتىشلىق مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ پايدىسىغا نەتىجىلەندۈرۈش ۋە بۇ رايونلاردا ھەربىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، باشقىلارغا ھەيۋە قىلىش، ھەربىي تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەقسەتلىرىگە يېتىۋاتىدۇ. جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى مەسىلىسى،سېنكاكۇ ئارىلى مەسىلىسى قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى دېيىشكە بولىدۇ.


### خىتاينىڭ ھەربىي چىقىمىدىكى ئۆزگىرىشلەر

ئۆتكەن نەچچە ئون يىلدا، خىتاي ئىقتىسادىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خامچوتى شىددەت بىلەن ئاشتى. ستوكھولم خەلقئارا تىنچلىق تەتقىقات ئورنى (SIPRI) نىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، خىتاينىڭ دۆلەت مۇداپىئە چىقىمى 1998 - يىلدىكى 31 مىليارد دوللاردىن 2018 - يىلى 239 مىليارد دوللارغا ئۆرلەپ، يەتتە ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ، ئامېرىكادىن قالسىلا دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ھەربىي چىقىم دۆلىتىگە ئايلانغان. خىتاي مالىيە مىنىستىرلىكى 2019 - يىلىدىكى مۇداپىئە خامچوتىنىڭ 177 مىليارد دوللار دەپ ئېلان قىلدى، ئەمما تەھلىلچىلەر خىتاينىڭ ھەربىي خامچوتىنىڭ ھەمىشە بېيجىڭنىڭ دوكلاتىدىن يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ھەتتا ئامېرىكا مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ 2002 – يىلىدىكى دوكلاتىدا خىتاينىڭ ھەربىي خام چوتىنىڭ ئادەتتە بېيجىڭ ئېلان قىلغاندىن تۆت ھەسسە يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان[43]. SIPRI نىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا 2019 - يىلى خىتاينىڭ ھەقىقىي مۇداپىئە خام چوتى تەخمىنەن 261 مىليارد دوللار بولۇپ، خىتاي تەرەپ ئېلان قىلغاننىڭ 1.5 ھەسسىسى ئىكەن[44]. يىغىپ ئېيتقاندا خىتاي ئارمىيەسىنىڭ تېخنىكا ۋە قورال - ياراق جەھەتتىن تېز تەرەققىي قىلىشى، رايون ۋە چەت ئەلدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ھەربىي چىقىمى يىلدىن يىلغا ئۆرلەپ مېڭىۋاتىدۇ.

## مەبلەغ سېلىش، سېتىۋېلىش، جاسۇسلۇق

خىتاي ھەربىي زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئامىللارنىڭ بىرىنى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ چەت ئەلنىڭ ئۆز ساھەسىدىكى ئەڭ ئىلغار شىركەتلەرنى سېتىۋېلىش ياكى ئۇنىڭغا مەبلەغ سېلىش دېيىشكە بولىدۇ. مىسال ئالساق، خىتاي شىركەتلىرى 2014 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە شۋېتسىيەنىڭ 51 شىركىتىنى سېتىۋالدى ۋە 14 شۋېتسىيە شىركىتىنىڭ مەلۇم مىقداردىكى پېيىنى سېتىۋالدى. كىشىنى ئەڭ ئەندىشىگە سالىدىغىنى شۇكى، 2018 - يىلى،خىتاي شىركەتلىرى (بۇنىڭ ئىككىسى خىتاي ئارمىيەسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك) شۋېتسىيەنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ شىركىتىنى سېتىۋالغان. 2017 - يىلى ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ ئىلغار ئۆزەك ئىشلەپچىقارغۇچى شىركىتى Imagination دۆلەت كونتروللۇقىدىكى خىتاي مەبلەغ سېلىش شىركىتى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، بىر خىتاي شىركىتى گېرمانىيەدىكى داڭلىق ماشىنا ئادەم ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەت كۇكا (kuka)نى سېتىۋالغان[45].

جاسۇسلۇق خىتاينىڭ تارىختىن بىرى قوللىنىپ كەلگەن ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، يېقىنقى زاماندىن بىرى خىتاي ئىلغار




تېخنىكىلارنى، سىياسىي،سودا ۋە ھەربىي مەخپىيەتلىكلەرنى ئوغرىلاش ئۈچۈن جاسۇس ئەۋەتىش، چەت ئەلدىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلارنى جاسۇسلۇققا سېلىش ياكى جاسۇسلارنى ئوقۇغۇچى قىياپىتىدە چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىش، قارشى تەرەپنى خىتايغا تەكلىپ قىلىپ مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلاش، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن چەت ئەللىك تەتقىقاتچى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارنى سېتىۋېلىش، چەت ئەل تەتقىقات ئورگانلىرىغا مەبلەغ سېلىش، ئىنتېرنېت جاسۇسلۇقى، خاككېرلارنى ئىشقا سېلىپ تور ھۇجۇمى قوزغاش قاتارلىق[46] يوللار بىلەن خىتاينىڭ تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى ۋە بۇ تېخنىكىلارنى ئەلغا قورال – ياراق ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. كانادا ئاۋىياتسىيە شىركىتىدە باشقۇرغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن خىتاي پۇقراسى سۇ بىن (苏斌) ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بىلەن كانادادا قولغا ئېلىنغان بولۇپ، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ 17 - C يۈك ئايروپىلانى ۋە F22 ۋە F35 كۆرەشچى ئايروپىلاننىڭ ئۈچۈرلىرىنى ئوغرىلىشقا ياردەم بەرگەن. قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن 2008 - يىلدىن 2014 - يىلغىچە جاسۇسلۇق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە 46 ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. خىتاينىڭ 2014 - يىلى تۇنجى قېتىم ئۇچۇش سىنىقى قىلىنغان يۈك ئايروپىلانى شيەن- Y - 20،C - 17 بىلەن كۆرۈنەرلىك ئوخشاشلىقى دىققەت قوزغىغان. دۆلەت مۇداپىئە ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ سابىق ئەمەلدارى رون روكۋېل خەنسېن (Ron Rockwell Hansen) ھەربىي تەييارلىقلارغا ئائىت مەخپىي ئۇچۇرلارنى خىتايغا سېتىش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنغان. 2019 - يىلى 3 - ئايدا، خەنسېن جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۆزىنىڭ نەچچە يۈز مىڭ دوللار بەدىلىگە خىتايدىكى ۋاكالەتچىلىرىگە ھەربىي مەخپىيەتلىكنى بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى[47] ئېتىراپ قىلغان.

ئامېرىكا باشلىق دۆلەتلەر خىتاينىڭ بۇ رەزىل قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگەن ۋە توسۇشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، خىتاي غەربنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى«يوچۇقتىن» پايدىلىنىپ بۇ پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلماقتا. خىتاي بۇ قىلمىشلىرىنى «ھەربىي بىلەن پۇقرانىڭ بىرلىشىش ئىستراتېگىيەسى »[48] ئىسمى بىلەن پەردازلاپ، خىتاي شىركەتلىرى، چەت ئەلدىكى خىتاي پۇقرالىرىنى، خىتاي ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا سېلىپ «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ئىسمى بىلەن ئوغرىلىقنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

## خىتاينىڭ ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشىنىڭ سەۋەبلىرى

خىتاي ئارمىيەسىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدەملىرى دېڭ شياۋپىڭ زامانىدا باشلىنىپ، جياڭ زېمىن دەۋرىدە تېزلىتىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيەت دەۋرىدە يېڭى بىر بالداقا كۆتۈرۈلدى. تەخمىنەن 30 يىللىق مۇساپىدە خىتاي تەرەققىي قىلىپ، دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارمىيەلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ھەتتا ئۇرۇش پاراخوتىنىڭ سانى، قىتئەلەر ئارا ئۇزۇن مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىق ساھەلەردە ئامېرىكانىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنداقتا خىتاي نېمە ئۈچۈن ئارمىيە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئېلىپ باردۇ؟

ھەرقانداق دۆلەتكە ئوخشاش خىتاينىڭ ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم مەقسىتى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىختەرلىكىنى قوغداش دېيىشكە بولىدۇ. 1979 – يىلىدىكى خىتاي – ۋىيېتنام ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەتتىن خىتاي ئارمىيەنى تەرەققىي قىلدۇرمىسا، دۆلەتنىڭ بىختەرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا، ھازىرقى ئارمىيە بىلەن قوغداشنىڭ ئانچە مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى.

1991 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن خىتايغا كېلىدىغان سىياسىي بېسىم چوڭايدى ۋە خىتاي كەلگۈسىدە بۇ بېسىمنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىش مۇمكىنچىلىكىنى پەرەز قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا 1991 - يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى خىتاي ئارمىيەسى بىلەن دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارمىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرقنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ سىياسىي ۋە ھەربىي سەۋەبلەر خىتاي ئارمىيەسىنىڭ زامانىۋىلىشىش يولىغا قاراپ مېڭىشىغا تۈرتكە بولدى.

تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىق يولىغا مېڭىش «تەھدىتى» خىتاي دۇچ كېلىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلە خىتاينىڭ قىزىل سىزىقى دېيىشكە بولىدۇ.1996 - يىللىرىدىكى تەيۋەن كرىزىسى خىتاينىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. خىتاي، ئامېرىكا كەلگۈسىدە تەيۋەن مەسىلىسىگە ئارىلىشىپ قالسا، ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچى بىلەن تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

خىتاينىڭ تەرەققىي قىلىپ دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلىرى قاتارىغا كىرىشى بىلەن خىتاينىڭ مەنپەئەت دائىرىسى كېڭەيدى ۋە خىتاي بۇ مەنپەئەتلىرىنى قوغداشقا مەجبۇر. بۇ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن زامانىۋى قوراللار ۋە تېخنىكىلار بىلەن قوراللانغان، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە ھەرىكەت ئېلىپ بارالايدىغان زامانىۋى ئارمىيەگە ئېھتىياجى بار.

شى جىنپىڭ ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن «خىتاي چۈشى»، يەنى 2035 - يىلىغا كەلگەندە خىتاينى دۇنيانىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرۇش ۋە 2049 – يىلىغا كەلگەندە دۇنيانىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلىتى قىلىپ چىقىش، بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەڭ قۇدرەتلىك ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى[49].

پۈتۈن بۇ سەۋەبلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شى جىنپىڭنىڭ «خىتاي چۈشى» دېيىشكە بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاي ھەربىي كۈچىنىڭ كۈچىيىشى، ئىقتىسادىنىڭ يۇكسىلىشى بىلەن جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا ۋە قۇرۇقلۇق، دېڭىز قوشنىلىرى بىلەن جىددىي توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ[50]. خىتاي دىپلوماتلىرى بولسا «جەڭ بۆرىسى» دىپلوماتىيەسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. خىتاينىڭ «خىتاي چۈشى» تىنچ تەرەققىي قىلىش ئەمەس، بەلكى ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ زومىگەرلىك قىلىش ئىكەنلىكى كۈنسېرى

ئايدىڭلىشىۋاتىدۇ. خىتاي، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى، سېنكاكۇ ئارىلى، خىتاي – ھىندىستان چېگراسى، تەيۋەن قاتارلىق مەسىلىلەردە توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. رايون دۆلەتلىرى ھەم خىتاينىڭ ھەربىي زومىگەرلىكىگە قارشى تۇرۇش، ھەم خىتاي بىلەن بولغان تىجارەتنى داۋام قىلىشتەك قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن رايون دۆلەتلىرى ئامېرىكا بىلەن بىرلىكتە خىتاينىڭ بۇ ھەربىي يۈكسىلىشى ۋە رايون بىخەتەرلىكىگە بولغان تەھدىتىگە قارشى بەزى تەدبىرلەرنى ئېلىشقا باشلىدى.

**ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا خىتاي ئارمىيەسىنىڭ دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرى**

گەرچە خىتاي ئارمىيەسى دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارمىيەسى بولۇش ئۈچۈن زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدەملىرىنى تېزلەتكەن ۋە نۇرغۇن ئۇتۇق قازانغان بولسىمۇ، بەزى كەمچىلىكلىرى خىتاي ئارمىيەسىنىڭ زامانىۋىلىشىش يولىدىكى توسالغۇ بولۇپ كەلمەكتە.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئارمىيەنىڭ يېڭى ئىلغار تېخنىكىلارغا ۋە يېڭى قوراللارغا ئېھتىياجى بارلىقىنى تەكىتلەۋاتىدۇ. ئەمما نۇرغۇن تەھلىلچىلەر خىتاي ئارمىيەسى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مەسىلىنىڭ زامانىۋى ھەربىي قابىلىيەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. خىتاي تېخنىكا ۋە ئىلغار قورال جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالسىمۇ، ئەسكەرلىرىنىڭ ساپاسى ۋە ۋەزىپىنى تاماملاش قابىلىيىتى خىتاينىڭ مۇھىم ئاجىزلىقى دەپ قارالماقتا.

ئىككىنچى كەمچىلىكى ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسىنىڭ ئازلىقى دەپ قارالماقتا. خىتاي ئارمىيەسى ۋېيتنامغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىنكى 40 يىلدا، ئەزەلدىن چوڭ ھەربىي توقۇنۇش بولۇپ باقمىغان بولۇپ، ھازىرقى ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە ئەمەس. بۇنى ئامېرىكا ئارمىيەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا چوڭ پەرق دېيىشكە بولىدۇ[51].

يەنە بىر خىرىس ئارمىيە ئىچىدىكى چىرىكلىك. خىتاينىڭ ئارمىيە گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى ئالتە يىلدا، تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئۇ 13 مىڭدىن ئارتۇق ئازادلىق ئارمىيە ئەمەلدارىنى (يۈز گېنېرالنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پارىخورلۇق جىنايىتى بىلەن جازالىغان[52].

## قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىنكاسى

**جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى مەسىلىسى**

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن باشلاپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر تەبىئىي بايلىق ۋە بېلىق مەھسۇلاتلىرى مول بولغان نەنشا تاقىم ئارىلى قاتارلىق جەنۇبىي دېڭىزدىكى ئارال‌لار ۋە ھەر قايسى دېڭىز رايونلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى تالىشىشقا باشلىدى.ھازىرغىچە رايوندا 11 مىليارد تۇڭ نېفىت ۋە 190 تىرىليون كۇب تەبىئىي گاز ۋە نۇرغۇن دېڭىز مەھسۇلاتلىرى تۈرلىرى بايقالدى. خىتاينىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ خىتاي رايوندا ئىگىلىك ھوقۇق تالاش - تارتىشىغا چۈشتى. خىتاينىڭ رايوننىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلىك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشى، برۇنېي، ھىندونېزىيە، مالايشىيا، فىلىپپىن، تەيۋەن ۋە ۋېيتنام بىلەن توقۇنۇشقا سەۋەب بولماقتا. بۇنىڭدىن باشقا خىتاي رايوندا 3200 كىۋادرات مېتىر سۈنئىي ئارال بەرپا قىلدى[53].

پەقەت خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچى تۈپەيلى يۇقىرىدىكى دۆلەتلەر خىتايغا نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشتىن باشقا ئىنكاس قايتۇرالمىدى. 2016 - يىلى فىلىپپىن بۇ مەسىلىدە خىتاينى ئەرز قىلغان بولسىمۇ، خىتاي خەلقئارا سوتنىڭ قارارىنى قوبۇل قىلمىدى[54].

**سېنكاكۇ ئاراللىرى مەسىلىسى**

سېنكاكۇ ئاراللىرى 1895 - يىلىدىكى خىتاي – ياپونىيە ئۇرۇشىدىن تارتىپ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقۇچە ياپونىيەگە تەۋە ئىدى. خىتاي ئۇ تارىختىن بۇرۇن ئاراللارنىڭ خىتاي تارىخىدا خاتىرىلەنگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسىمۇ، خىتاي ئاراللارغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى جاكارلاپ باقمىغان ئىدى. 1932 - يىلى ئارال،ياپونىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ياپونىيەلىك بىر بايغا سېتىپ بېرىلدى.1945 - يىلىدىن 1973 - يىلىغىچە ئارال ئامېرىكانىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى ۋە 1973 - يىلى ياپونىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 2012 - يىلى ياپونىيە ئاراللىرىنى شەخسىيلەرنىڭ قولىدىن سېتىۋېلىپ، ياپونىيە دۆلىتىنىڭ مۈلكى قىلدى. بۇ خىتاينىڭ قاتتىق قارشىلىق قىلىشىغا ئۇچرىدى. 2013 - يىلى، خىتاي، شەرقىي دېڭىزدىكى تالاش - تارتىشتىكى تاقىم ئاراللار رايونىدا ھاۋا مۇداپىئە پەرقلەندۈرۈش رايونى قۇردى. بۇ ياپونىيەنىڭ ھاۋا مۇداپىئە پەرقلەندۈرۈش رايونى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن تالاش – تارتىش تېخىمۇ چوڭايدى. ئامېرىكا، ئەگەر تالاش – تارتىش چوڭايسا ئاراللارنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈردى[55]. ئىككى دۆلەت مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە ھەل بولمايۋاتىدۇ. ياپونىيەمۇ خىتاينىڭ كۈنسېرى چوڭىيىۋاتقان ھەربىي تەھدىتىگە قارشى ھەربىي تەرەققىياتىنى تېزلەشتۈرۈش بىلەن بىللە ئامېرىكا بىلەن بولغان بىخەتەرلىك ھەمكارلىقىنى كۈچەيتمەكتە. 2019 - يىلى ياپونىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى خىتاينى ياپونىيەنىڭ ئەڭ چوڭ دۆلەت بىخەتەرلىك تەھدىتى دەپ بېكىتتى[56]. توكيو، ھەربىي چىقىمىنى كۆپەيتىش ۋە ئامېرىكانىڭ قورال - ياراغلىرىنى سېتىۋېلىشنى پىلانلىدى. بۇنىڭدىن باشقا ياپونىيە تىنچلىق ئاساسىي قانۇنىنى قايتىدىن شەرھلەپ، ئارمىيەگە تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىك بېرىشكە باشلىدى[57].

**ھىندىستان - خىتاي چېگرا توقۇنۇشى**

ھىندىستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا مەسىلىسى 1962 - يىلى ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇشىغا سەۋەب بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 2017 - يىلىدا 73 كۈن داۋام قىلغان دوكلام (Doklam) ۋەقەسى ئىككى تەرەپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇزاكىرىسى بىلەن ۋاقتىنچە ھەل قىلىنغان بولدى. 2020 - يىلى 1962 - يىلىدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر توقۇنۇش يۈز بەردى. ھىندىستان 20 ئەسكىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، خىتاي ئۆزىنىڭ يارىلانغان ياكى ئۆلگەن ئەسكەر سانىنى ئېلان قىلمىدى[58]. ئەڭ يېڭى توقۇنۇش 2021 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 – كۈنى يۈز بەردى[59].

ئاسىيادىكى ئىككى چوڭ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىقنى ئاساس قىلغان رىقابەت داۋام قىلماقتا. ھىندىستان خىتاينىڭ پاكىستان مەسىلىسى، چېگرا مەسىلىسى، ھىندى تىنچ ئوكيان مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەردىكى تەھدىتىنى ھېس قىلسىمۇ، ھازىرغىچە توقۇنۇشنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىنى خالىمىدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئامېرىكانىڭ مەسىلىگە ئارىلىشىشىغا يول قويمىدى. ھازىرقى تەرەققىيات سۈرئىتىنى داۋام قىلىش ھەتتا تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ھىندىستاننىڭ تىنچ بىر مۇھىتقا ئېھتىياجى بار، ھازىرلا خىتاي بىلەن توقۇنۇش قىلىشنى خالىمايدۇ، خىتايمۇ

ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئاسىيادىكى بۇ چوڭ رەقىبى بىلەن ھەربىي توقۇنۇشقا كىرىشنى خالىمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھەر ئىككى تەرەپ مەسىلىنى كىچىكلىتىپ ھەل قىلىشنى تاللىدى. ئەمما خىتاينىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان زومىگەرلىك پوزىتسىيەسى ھىندىستاننى ئەزەلدىن بېرى چىڭ تۇرۇپ كەلگەن «تەرەپ تۇتماسلىق» ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىشى مۇمكىن. ھىندىستاننىڭ يېقىندىن بېرى ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيە بىلەن بولغان ھەربىي مۇناسىۋەتنىڭ يېقىنلىشىشى بۇنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ[60].

## تەيۋەن

1949 - يىلى گومىنداڭ تەيۋەندە ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1980 - يىلىدىن باشلاپ تەيۋەن تەرەققىي قىلىپ، باياشات، دېموكراتىك بىر دۆلەتكە ئايلاندى. ئەمما ھازىر دۇنيادا 15 دۆلەتلا تەيۋەننىڭ مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. خىتاي 1996 - يىلىدىكى تەيۋەن كىرىزىسىدا خىتاي ئارمىيەسىنى كۈچلەندۈرمىسە، تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. 1979 – يىلى ۋاشىنگتون تەيۋەننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، خىتاينىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان تەسىر كۈچى ۋە ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسەتتىكى ئۆزگىرىشلىرى بۇ ۋەدىنىڭ قانچىلىك ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە گۇمان قوزغىماقتا[61]. خىتاي ئارمىيەسىنىڭ تەيۋەن ئىشغالى مانېۋىرى ئۆتكۈزۈشى،[62] شى جىنپىڭنىڭ تەيۋەنگە قورال ئىشلىتىشتىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىشى[63] ۋە خىتاي مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تەيۋەنگە تەھدىت سېلىشى[64] قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە قارايدىغانلا بولساق، خىتاينىڭ تەيۋەنگە بولغان ھەربىي بېسىمىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پەيتىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. تەيۋەنمۇ، ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرۈپ، ئامېرىكادىن زور مىقداردا قورال سېتىۋېلىشقا باشلىدى[65].

## ئامېرىكانىڭ ئىنكاسى

ئامېرىكا خىلى بۇرۇنلا خىتاينىڭ ھەربىي تەرەققىياتىغا ۋە ئامېرىكاغا ئېلىپ كېلىدىغان تەھدىتىگە دىققەت قىلىپ كەلمەكتە. 2012 - يىلى ئۆز ۋاقتىدىكى ئامېرىكا مۇداپىئە مىنىستىرى Leon Panetta خىتاينىڭ رايوندىكى ھەربىي تەھدىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن 2020 - يىلىغىچە ئامېرىكانىڭ 60 پىرسەنت ھەربىي كۈچىنى ئاسىيا - تىنچ ئوكيانغا يەرلەشتۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى[66]. ئامېرىكا، دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلىتى ۋە باشلامچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلاردا 800 گە يېقىن ھەربىي بازىسى بار[67]. خىتايدىن كەلگەن ھەربىي تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش، شۇنداقلا ئاسىيا - تىنچ ئوكياندىكى مەنپەئەتنى قوغداش ئۈچۈن ئامېرىكا يېقىنقى مەزگىلدە ئاسىيادىكى بولۇپمۇ ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ھەربىي بازىلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا ۋە كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە تىرىشماقتا. بۇ ھەربىي بازىلار كورىيە، ياپونىيە، فىلىپپىن، سىنگاپور، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىلارغا جايلاشقان. بۇنىڭدىن باشقا گۇئام ئارىلىدىكى ھەربىي بازىسى بارغانسېرى چوڭىيىپ، ئامېرىكانىڭ ئەڭ ئىلغار قوراللىرى، ئەڭ ئىلغار رادارلىرى يەرلەشتۈرۈلۈپ، خىتاي تەھدىتىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك بازىغا ئايلاندى[68]. ئامېرىكانىڭ خىتاينى چۆرىدەپ قۇرغان بۇ ھەربىي بازىلىرى خىتاينىڭ تەبىرى

بويىچە خىتاينى «C» شەكىللىك قورشاۋغا[69] ئېلىپ بولدى. بۇنى ئامېرىكانىڭ خىتايغا قارشى مۇھىم بىر ئۇستۇنلۇكى دېيىشكە بولىدۇ. 2017 - يىلى ئاقساراي ئېلان قىلغان «دۆلەت بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيەسى»دە خىتاينى ئىستراتېگىيەلىك رەقىب دەپ جاكارلىدى[70]. 2019 - يىلى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى «ھىندى – تىنچ ئوكيان ئىستراتېگىيەسى دوكلاتى»[71]، «ئەركىن ۋە ئوچۇق ھىندى – تىنچ ئوكيان بەرپا قىلىشتىكى ئورتاق غايە»[72] قاتارلىق دوكلاتلارنى ئېلان قىلىپ، ئامېرىكانىڭ ھىندى - تىنچ ئوكياندا شېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ خىتايغا تاقابىل تۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2021 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاقساراي ئاشكارىلىغان ۋە 2018 - يىلى تۈزۈلگەن «ئامېرىكانىڭ ھىندى - تىنچ ئوكيان ئىستراتېگىيەلىك رامكىسى»[73] ناملىق ھۆججەتتىمۇ ئامېرىكانىڭ ھىندى - تىنچ ئوكياندىكى خىتاي تەھدىتىنى قانداق توسايدىغانلىقى، ھىندىستاننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق خىتاينى چەكلەش قاتارلىق مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.2020 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سابىق پرېزىدېنت ترامپ رەسمىي بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ خىتاي ئارمىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك شىركەتلەرگە مەبلەغ سېلىشىنى چەكلىدى. 2021 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى پرېزىدېنت بايدېن ئامېرىكا مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدا «خىتاي ئىشلىرى خىزمەت گۇرۇپپىسى» قۇرۇلغانلىقىنى، بۇ گۇرۇپپىنىڭ تۆت ئاي ئىچىدە ئامېرىكا مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە خىتايدىن كەلگەن تەھدىتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە تەكلىپ سۇنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى[74].

20 – ئەسىردە ئامېرىكانىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىنى ئىتتىپاقداشلىرى ۋە بۇ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن مەنپەئەتنى داۋاملىق بىرلەشتۈرۈپ، بىللە ھەرىكەت قىلالىشى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم مەھسۇلاتىدىن بىرسى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىمۇ خىتاينىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي تەسىرىنىڭ كۆچىيىشىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئامېرىكامۇ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە خىتايغا تاقابىل تۇرۇشنى پىلانلىماقتا[75]. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن لايىھەلەنگەن NATO نى ئىسلاھ قىلىشقا ۋە يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ئېھتىياج بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە خىتاينىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى، شەرقىي دېڭىز، ھىندى - تىنچ ئوكيان قاتارلىق رايونلاردىكى ھەربىي پائالىيىتى ۋە زومىگەرلىك قىلمىشىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكا رايوندىكى دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتىنى كۈچلەندۈرۈپ، خىتايغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشقا تىرىشماقتا. بولۇپمۇ خىتاينىڭ ئاۋستىرالىيە، ھىندىستان، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بولغان ھەربىي بېسىمىنىڭ زورىيىشى بىلەن ئامېرىكا يۇقىرىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەربىي ۋە ئىستىخبارات ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە قاتناش ئەركىنلىكىنى بىرلىكتە قوغداپ، خىتايغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشنى پىلانلاۋاتىدۇ. كۆزەتكۈچىلەر بۇ تۆت دۆلەتنىڭ «ئاسىيا NATO»سى بولۇپ قىلىشى مۇمكىنلىكىنى[76] ئوتتۇرىغا قويماقتا.

# خۇلاسە

خىتاي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن بۇيان نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. خىتاي ئارمىيەسىنىڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئالاھىدىلىكى خىتاي ئارمىيەسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە دۆلەتنىڭ ئەمەس، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئارمىيەسى ئىكەنلىكىدۇر. شۇڭا ئارمىيەنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرسى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوغداش بولۇپ كەلدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن كېيىن خىتاي ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن خىتاي ئارمىيەسىنىڭ تەرەققىياتىمۇ تېزلىشىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ 1993 - يىلىدىن كېيىن ئارمىيەنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمى تېزلىتىلدى ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ، خىتاينىڭ ھەربىي كۈچى، مەيلى تېخنىكا جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى قورال - ياراغلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە سانى جەھەتتىن بولسۇن، دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارمىيەسى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. شى جىنپىڭ «خىتاي چۈشى»نى ئوتتۇرىغا قويغاندىن بىرى خىتاينى دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارمىيەسى قىلىپ چىقىش ئۈچۈن خىتاي تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ھەربىي ئىسلاھاتتىن بىرىنى ئېلىپ باردى. خىتاينىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيەسىدىن قۇرۇلمىسىغىچە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى.

ئەمما بۇنىڭ بىلەن خىتاي ئارمىيەسى خىتاينىڭ سىياسىي زومىگەرلىكىنىڭ كاپالىتى ھالىغا كېلىشكە باشلىدى. خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈشى تىنچ تەرەققىيات بولماستىن، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، رايون بىخەتەرلىكىگە تۇراقسىزلىق ئېلىپ كېلىش، قوشنىلىرىغا تەھدىت سېلىش ۋە ھەرخىل خام ئەشيا ۋە بايلىق تالىشىش بولدى. خىتاينىڭ سىياسىي تەسىرى كۈنسېرى ئېشىۋاتقان ۋە ئۆزىگە قارشى چىققان دۆلەتلەرگە قارشى ئىقتىسادىي كۈچىنى قورال قىلىپ ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن خىتايغا بېقىنىپ قالغان، دۆلەت كۈچى چەكلىك دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ بۇ زومىگەرلىكلىرىگە بولغان ئىنكاسى ناھايىتى چەكلىك بولماقتا.

ئامېرىكا - خىتاي رىقابىتىنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىش پىلانىغا قارشى ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە خىتاينى كونترول قىلىش، بولۇپمۇ ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قىلىشقا تىرىشماقتا. شۇڭا خىتاينىڭ ئاسىيادىكى رىقابەتچىلىرى بىلەن ھەربىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە خىتايغا قارشى تۇرۇشقا تىرىشماقتا. ئەمما ترامپ ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن «ئامېرىكا مەنپەئەتى ھەممىدىن ئۈستۈن» سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى قاتارلىق تەشكىلاتلار ۋە ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يىرىكلەشتۈرۈۋەتتى. ھازىر يېڭى پىرېزىدېنت بايدىن «ئامېرىكا قايتىپ كەلدى» دېسىمۇ ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداشلىرى بۇنىڭغا ئېھتىيات بىلەن قاراۋاتىدۇ. بەلكى ئامېرىكا ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تاللاش ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداشلىرى ۋە ئاسىيادىكى شېرىكلىرى بىلەن بىرلىكتە خىتايغا قارشى تۇرۇش بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ يېڭى پىكىرگە، بۇرۇن قۇرغان تەشكىلاتلىرىنى ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئىسلاھ قىلىشقا ئېھتىياجى بار. ئەگەر خىتاي ھازىرقىدەك ھەربىي كۈچىنى زومىگەرلىك ئۈچۈن ئىشلىتىشنى داۋاملاشتۇرسا ۋە ئامېرىكا يېڭىچە پىكىر، توغرا قەدەم بىلەن قايتىدىن قايتىپ كېلەلىسە، خىتاي بۇ رىقابەتتە ئۇتتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىدىن بىرى تەيۋەن مەسىلىسى. بۇ خىتاينىڭ «ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلىسى» ۋە شى جىنپىڭنىڭ خىتاي تارىخىغا يېزىلىشى ئۈچۈن مۇھىم «دەسمايە» بولغاچقا، خىتاي يېقىنقى كەلگۈسىدە قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. ھەتتا بۇ مەسىلە چوڭىيىپ ئامېرىكا – خىتاي ھەربىي توقۇنۇشىنىڭ پىلتىسى بولۇپ قىلىشى مۇمكىن.بۇ «خىتاي چۈشى»نىڭ «قاباھەتلىك چۈش» بولۇپ قېلىشىنىڭ باشلانغۇچى بولۇپ قالامدۇ؟ بۇنى دىققەت بىلەن كۆزىتىش كېرەك.

خىتاي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي يۈكسىلىشىنى سىياسىي دەسمايىگە ئايلاندۇرالامدۇ؟ ئامېرىكا ۋە ئاسىيادىكى شېرىكلىرى خىتاينى توسالامدۇ؟ بۇ خىتاينىڭ قانداق قەدەم ئېلىشى ۋە ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ خىتايغا قانداق تاقابىل تۇرۇشىغا باغلىق.

**ENDNOTES**


1 Liu qing zhong刘庆忠, *Zhongguo renmen jiefangjun quanshi*中国人民解放军全史 [The whole history of the Chinese People's Liberation Army] (Beijing: junshi kexue chubanshe, 1999), 10.

2 Pan zeqing潘泽庆, "zhongguo renmin jiefangjun chengwei de yan bian中国人民解放军称谓的演变" [The evolution of the title of the Chinese People's Liberation Army], last modified August 25, 2007, http://cpc.people.com.cn/GB/64162/64172/85037/85039/6170009.html (accessed February 23, 2021)

3 Liu qing zhong刘庆忠, *Zhongguo renmen jiefangjun quanshi*中国人民解放军全史 [The whole history of the Chinese People's Liberation Army], p88 - 98.

4 Huang Jinsheng黄金生, "zhonggong genjudi zai nijingzhong shengzhang中共根据地在逆境中生长" [CCP base areas grow in adversity], last modified september 2, 2019, http://dangshi.people.com.cn/n1/2019/0902/c85037 - 31331528.html (accessed February 23, 2021)

5 Li yu, 李雨, *junshixue jichu* 军事学基础 [Basics of Military Science] (Shanghai:Shnaghaidaxue chubanshe, 1999), p22 - 25.

6 Mei shixiong, Huang chao梅世雄, 黄超, "Di yici you zuzhi you jihua da guimo jingjian zhengbian jihua fuyuan 150 wan ren第一次有组织有计划大规模精简整编：计划复员150万人" [The first organized and planned large - scale streamlining and reorganization: 1.5 million people planned to be demobilized], last modified July 8, 2017, http://www.xinhuanet.com/mil/2017 - 07/08/c_1121286156.htm, (accessed February 23, 2021)

7 Xiong Jian熊建, "Zhongguo jundui lici caijun shuju yilan中国军队历次裁军数据一览" [Summary of the statistics of the previous disarmament of the Chinese army], last modified September 3, 2015, http://politics.people.com.cn/n/2015/0903/c1001 - 27543904.html (accessed February 23, 2021)

8 "Nuclear Weapons", *FAS*, September, 27 (2006), https://fas.org/nuke/guide/china/nuke/#:~:text=China%20made%20remarkable%20progress%20in,bomb%20(June%2014%2C%201967 ( accessed February 24, 2021)

9 David C. Gompert, Hans Binnendijk and Bonny Lin, "*Blinders, Blunders, and Wars*
*What America and China Can Learn*", (Santa Monica, RAND Corporation, 2014),p 117 - 126.

10 Xiaobing Li, "*A History of the Modern Chinese Army*", (Kentucky, University Press of Kentucky, 2007), p261 - 265.

11 "Xin Zhongguo junqu huafen de bianqian 新中国军区划分的变迁" [Changes in the Division of New China's Military Regions] last modified September 8, 2009, http://www.scio.gov.cn/zggk/gqbg/2009/Document/425819/425819.htm (accessed February 24, 2021)

12 Wang yaping王雅平, "Zhongguo de junshi xiandaihua yu zhongmei junshi zhanlue guanxi 中国的军事现代化与中美军事战略关系" [Changes in the Division of New China's Military Regions], *Carnegie Endowment for International Peac*, last modified February 1, 2007, https://carnegieendowment.org/2007/02/01/zh - pub - 44082 (accessed February 24, 2021)

13 Liu Zhen, "China - US rivalry: how the Gulf War sparked Beijing's military revolution", *Soutch China Morning Post*, Jan 18, 2021, https://www.scmp.com/news/china/military/article/3118083/china - us - rivalry - how - gulf - war - sparked - beijings - military (accessed February 25, 2021)

14 Sergio Miracola, "The Evolution of China's Army and Military Strategy", *Istituto Per Gli Studi Di Politica Internazionale*, September 27, https://www.ispionline.it/en/pubblicazione/evolution - chinas - army - and - military - strategy - 24040 (accessed February 25, 2021)

15 *Zhanlue Xue* 战略学 [Strategy], (Beijing: junshi kexue chubanshe, 2013)、69 - 81

16 "Zhongguo renmin jiefangjun zhanqu chengli dahui zai beijing juxing中国人民解放军战区成立大会在北京举行" [The inaugural meeting of the Chinese People's Liberation Army theater held in Beijing], last modified February 1, 2016, http://www.xinhuanet.com/politics/2016 - 02/01/c_128692149.htm (accessed February 25, 2021)

17 "Zhonghua renmin gongheguo xianfa中华人民共和国宪法（1982年）" [Constitution of the People's Republic of China (1982)] last mpdified December 6, 2000, http://www.npc.gov.cn/wxzl/wxzl/2000 - 12/06/content_4421.htm (accessed February 25, 2021)

18 "Zhonghua renmin gongheguo guofang fa中华人民共和国国防法" [National Defense Law of the People's Republic of China] last modified December 27, 2020, http://www.mod.gov.cn/regulatory/2020 - 12/27/content_4876050.htm (accessed February 25, 2021)

19 "Xin shidai de zhongguo guofang新时代的中国国防" [China's National Defense in the New Era], last modified July 24, 2019, http://www.gov.cn/zhengce/2019 - 07/24/content_5414325.htm (accessed February 25, 2021)

20 "Zhonguo renmin jiefangjun zhanqu chengli dahui zai beijing juxing中国人民解放军战区成立大会在北京举行" [The inaugural meeting of the Chinese People's Liberation Army theater held in Beijing] ,last modified Faburary 01, 2016, http://www.xinhuanet.com/politics/2016 - 02/01/c_128692149.htm (accessed February 25, 2021)

21 Li yu, 李雨, *junshixue jichu* 军事学基础 [Basics of Military Science] , 24

22 "Military and Security Developments Involving the People's Republic of China 2020", Office Of The Secretary Of Defence, September 1, 2020, p44 - 53

23 Liu kun刘昆, "Jiedu huojianjun: huo tonghe luhaikongjun daji liliang shili juzeng 解读火箭军：或统合陆海空战略打击力量 实力剧增" [Interpretation of the Rocket Force: or the integration of land, sea and air strategic strike forces, the strength has increased sharply], last modified January 1, 2016, https://mil.huanqiu.com/article/9CaKrnJSPFS, (accessed Faburary 26, 2021)

24 *Military and Security Developments Involving the People's Republic of China 2020*, p61 - 63

25 "Jiang zemin: shixian guofang he jundui xiandaihua jianshi kua shiji fazhan de zhanlue mubiao江泽民：实现国防和军队现代化建设跨世纪发展的战略目标" [Jiang Zemin: To realize the strategic goal of the cross - century development of national defense and military modernization] last modified December 7 1997, http://www.reformdata.org/1997/1207/5729.shtml (accessed Faburary 26, 2021)

26 Wang junwei 王均伟, "Jiang zemin yu zhongguo tese junshi biange江泽民与中国特色军事变革" [Jiang Zemin and the Military Reform with Chinese Characteristics*]*, last modified January13, 2015, http://www.dswxyjy.org.cn/n1/2019/0228/c423720 - 30922977.html (accessed Faburary 26, 2021)

27 "Zhongguo de junshi zhanlue(quanwen)中国的军事战略（全文）" [China's military strategy (full text)], last modified May 26, 2051, http://www.mod.gov.cn/auth/2015 - 05/26/content_4586723.htm (accessed Faburary 26, 2021)

28 "Xin shidai de zhongguo guofang新时代的中国国防" [China's National Defense in the New Era], last modified July 24, 2019, http://www.gov.cn/zhengce/2019 - 07/24/content_5414325.htm (accessed Faburary 26, 2021)

29 "Zhongyang junwei jiguan gaiwei shiwuge zhineng bumen 中央军委机关改为十五个职能部门" [The Central Military Commission's organs were changed to 15 functional departments], last modified January 12, http://politics.people.com.cn/n1/2016/0112/c70731 - 28039781.html (accessed Faburary 26, 2021)

30 "Lujun lingdao jigou huojianjun zhanlue zhinuan buduichengli dahuizai jing juxing xi jinping xiang zhongguo renmin jiefangjun lujun huojianjun zhanluezhiyuan buduishouyujunqi bing zhi xunci陆军领导机构火箭军战略支援部队成立大会在京举行 习近平向中国人民解放军陆军火箭军战略支援部队授予军旗并致训词" [The inaugural meeting of the Rocket Force Strategic Support Force, the leadership of the Army, was held in Beijing. Xi Jinping awarded the flag and delivered a training speech to the Strategic Support Force of the Rocket Force of the Chinese People's Liberation Army], last modified January 1, 2016, http://www.xinhuanet.com//politics/2016 - 01/01/c_1117646667.htm (accessed Faburary 26, 2021)

31 "Zhongyang junwei lian qin baozhang budui chengli dahui zai jing juxing中央军委联勤保障部队成立大会在京举行", [The inaugural meeting of the Central Military Commission's Joint Logistics Support Force was held in Beijing], last modified September 13, 2016, http://www.xinhuanet.com/politics/2016 - 09/13/c_129280241_6.htm (accessed Faburary 26, 2021)

32 "Jianli jianquan jundui zhengfa gongzuo xin tixi建立健全军队政法工作新体系" [Establish and improve a new system of military political and legal work], last modified July 25, 2016, http://www.mod.gov.cn/topnews/2016 - 07/25/content_4699911.htm (accessed Faburary 26, 2021)

33 *Military and Security Developments Involving the People's Republic of China 2020*, p42.

34 *Military and Security Developments Involving the People's Republic of China 2020*, p44.

35 *Military and Security Developments Involving the People's Republic of China 2020*, p46.

36 ”World Air Forces 2021”, Flight Global, December4, 2020, p5 - 11.

37 Hans M. Kristensen, Matt Korda, ”Chinese nuclear forces, 2019”, *Taylor and Francis for the Bulletin of the Atomic Scientists*, Bulletin of the Atomic Scientists Volume 75 Issue 4, (2019):P171.

38 Lindsay Maizland, ”China's Modernizing Military”, *Council on Foreign Relations*, February 5, 2020, https://www.cfr.org/backgrounder/chinas - modernizing - military (accessed February 27, 2021)

39 Lindsay Maizland, ”China's Modernizing Military”

40 ”New SIPRI data reveals scale of Chinese arms industry”, *Stockholm Internatıonal Peace Research Instıtute*, 27 January 2020, February 27, 2021 , https://www.sipri.org/media/press - release/2020/new - sipri - data - reveals - scale - chinese - arms - industry

41 *Military and Security Developments Involving the People's Republic of China 2020*,p 126.

42 *Military and Security Developments Involving the People's Republic of China 2020*,p 122 - 133.

43 ”U.S. Department of Defense Annual Reports to Congress on China's Military Power 2002”, U.S. Department of Defense, June 6, 2017, p39.

44 ”Trends In World Mılıtary Expendıture, 2019”, *Stockholm Internatıonal Peace Research Instıtute*, April 2020,p 2.

45 Elısabeth Braw, ”How China Is Buying Up the West's High - Tech Sector”, *Foreign Policy*, December 03, 2020, March 04, 2021, https://foreignpolicy.com/2020/12/03/how - china - is - buying - up - the - wests - high - tech - sector/

46 Mike Giglio, ”China's Spies Are on the Offensive”, *The Atlantic*, August 26, 2019, https://www.theatlantic.com/politics/archive/2019/08/inside - us - china - espionage - war/595747/ (accessed March 04, 2021)

47 Alexander Holt, ”A brief history of US - China espionage entanglements”, *Technology Review*, September 03, 2020, https://www.technologyreview.com/2020/09/03/1007609/trade - secrets - china - us - espionage - timeline/ (accessed March 04, 2021)

48 ”Xi jinping : zhazha shishi tuijin junmin ronghe shendu fazhanwei shixian zhongguo meng qiangjun meng tigong qiangda dongli he zhan lue zhicheng习近平：扎扎实实推进军民融合深度发展 为实现中国梦强军梦提供强大动力和战略支撑” [Xi Jinping: Solidly promote the deep development of military - civilian integration, provide strong motivation and strategic support to realize the dream of China's dream of strong military]last modified March 12, 2018, http://www.xinhuanet.com/politics/2018lh/2018 - 03/12/c_1122526642.htm (accessed Faburary 27, 2021)

49 ”Xi jinping : juesheng quanmian jiancheng xiaokang shehui duoqu xin shidai zhongguo tese shehui zhuyi weida shengli – zai zhongguo gongchandang di shijiu ci quanguo daibiao dahui shang de baogao习近平：决胜全面建成小康社会 夺取新时代中国特色社会主义伟大胜利——在中国共产党第十九次全国代表大会上的报告” [Xi Jinping: Decisive Victory to Build a Well - off Society in an All - round Way and Win the Great Victory of Socialism with Chinese Characteristics in the New Era——Report at the 19th National Congress of the Communist Party of China], last modified October 27, 2017, http://www.xinhuanet.com//politics/19cpcnc/2017 - 10/27/c_1121867529.htm (accessed Faburary 27, 2021)

50 Steven Lee Myers , ”China's Military Provokes Its Neighbors, but the Message Is for the United States”, *The New York Times*, June 29, 2020, https://www.nytimes.com/2020/06/26/international - home/china - military - india - taiwan.html (accessed February 27, 2021)

51 Lindsay Maizland, ”China's Modernizing Military”, *Council on Foreign Relations*, February 5, 2020, https://www.cfr.org/backgrounder/chinas - modernizing - military (accessed February 27, 2021)

52 Minnie Chan, ”Chinese military to prosecute former top general for graft”, *South China Morning Post*, Jan 9, 2018, https://www.scmp.com/news/china/diplomacy - defence/article/2127513/chinese - military - prosecute - former - top - general - graftb (accessed February 27, 2021)

53 ”Territorial Disputes in the South China Sea”, *Council on Foreign Relations*, February26, 2021, https://www.cfr.org/global - conflict - tracker/conflict/territorial - disputes - south - china - sea (accessed February 27, 2021)

54 Jane Perlez, ”Tribunal Rejects Beijing's Claims in South China Sea”, *The New York Times*, July 12, 2016, https://www.nytimes.com/2016/07/13/world/asia/south - china - sea - hague - ruling - philippines.html (accessed February 27, 2021)

55 ”Diaoyu/Senkaku islands dispute”, *South China Morning Post,* February 21, 2019, https://www.scmp.com/week - asia/explained/article/2187161/explained - diaoyu/senkaku - islands - dispute (accessed February 27, 2021 )

56 Tim Kelly, ”Japan lists China as bigger threat than nuclear - armed North Korea”, *Reuters*, September 27, 2019, https://www.reuters.com/article/us - japan - defence/japan - promotes - china - as - bigger - threat - than - nuclear - armed - north - korea - idUSKBN1WC051 (accessed Faburary 27, 2021)

57 Linda Sieg and Kiyoshi Takenaka, ”Japan takes historic step from post - war pacifism, OKs fighting for allies”, *Reuters*,

July2, 2014 , https://www.reuters.com/article/us - japan - defense - idUSKBN0F52S120140702 (accessed February 27, 2021)

58 Russell Goldman, "India - China Border Dispute: A Conflict Explained", *The New York Times*, June 17, 2020, https://www.nytimes.com/2020/06/17/world/asia/india - china - border - clashes.html (accessed February 27, 2021)

59 Krishn Kaushik, "India, China troops clash in Sikkim; resolved, says Army", *The İndian Express*, January 26, 2021, https://indianexpress.com/article/india/india - china - troops - clash - in - sikkim - resolved - says - army - 7161620/ (accessed February 27, 2021)

60 Tanvi Madan, "Emerging global issues: The China - India boundary crisis and its implications", *Brookings*, September 9, 2020, p8.

61 Richard Walker, "Taiwan: The threat that the world ignores", *Deutsche Welle* , september 18, 2020, https://www.dw.com/en/taiwan - the - threat - that - the - world - ignores/a - 54944934 (accessed February 28, 2021)

62 Gerry Shih, "China threatens invasion of Taiwan in new video showing military might", *The Washington Post*, October 12, 2020, https://www.washingtonpost.com/world/asia_pacific/china - taiwan - invasion - military - exercise/2020/10/12/291f5d86 - 0c58 - 11eb - b404 - 8d1e675ec701_story.html (accessed February 28, 2021)

63 "Gao taiwan tongbao shu fabiao 40 zhounian jinian hui zai jing longzhong juxing Xi jinping chuxi jinian hui bing fabiao zhongyao jianghua《告台湾同胞书》发表40周年纪念会在京隆重举行 习近平出席纪念会并发表重要讲话" [The 40th Anniversary of "A Letter to Compatriots in Taiwan" was grandly held in Beijing. Xi Jinping attended the commemorative meeting and delivered an important speech], Last modified January 2, 2019, http://www.xinhuanet.com/politics/2019 - 01/02/c_1123937723.htm (accessed Faburary 28, 2021)

64 "Guofangbu : Taidu de paomo you neng fandeqi ji duo langhua国防部："台独"的泡沫又能翻得起几朵浪花" [Ministry of National Defense: "Taiwan Independence" bubble can afford a few waves], last modified January 28, 2021, http://www.mod.gov.cn/jzhzt/2021 - 01/28/content_4878152.htm (accessed Faburary 28, 2021)

65 Gordon Lubold and Nancy A. Youssef, "U.S. Set to Sell Taiwan $7 Billion in Arms", *The Wall Street Journal*, September 16, 2020, https://www.wsj.com/articles/u - s - set - to - sell - taiwan - 7 - billion - in - arms - 11600287102 (accessed February 28, 2021)

66 "Leon Panetta: US to deploy 60% of navy fleet to Pacific", *BBC*, June 2, 2012, https://www.bbc.com/news/world - us - canada - 18305750 (accessed February 28, 2021)

67 Kim Hjelmgaard, "'A reckoning is near': America has a vast overseas military empire. Does it still need it?", *USA Today News*, February 25, 2021, https://www.usatoday.com/in - depth/news/world/2021/02/25/us - military - budget - what - can - global - bases - do - vs - covid - cyber - attacks/6419013002/ (accessed March 02, 2021)

68 "The US has a massive military presence in the Asia - Pacific. Here's what you need to know about it", *AFP*, August 11, 2017, March 02, 2021, https://www.pri.org/stories/2017 - 08 - 11/us - has - massive - military - presence - asia - pacific - heres - what - you - need - know - about - it

69 Dai xu 戴旭, " Dai xu : Meiguo dui zhongguo gouzhu C xing baowei quan lilun yi huo yinzheng戴旭：美国对中国构筑C型包围圈理论已获印证" [Dai Xu: The U.S.'s theory of constructing a C - shaped encirclement of China has been confirmed], last modified January 11, 2011, https://news.qq.com/a/20110111/000606.htm (accessed March 4, 2021)

70 "National Security Strategy of the United States of America", The Wihte House, December 19, 2017, https://trumpwhitehouse.archives.gov/wp - content/uploads/2017/12/NSS - Final - 12 - 18 - 2017 - 0905.pdf

71 "Indo - Pacific Strategy Report", The Deparment Of Defense, June1, 2019, https://media.defense.gov/2019/Jul/01/2002152311/ - 1/ - 1/1/DEPARTMENT - OF - DEFENSE - INDO - PACIFIC - STRATEGY - REPORT - 2019.PDF

72 "A Free And Open Indo - Pacıfic Advancing A Shared Vision", The Deparment Of Defense, November 4, 2019, https://www.state.gov/wp - content/uploads/2019/11/Free - and - Open - Indo - Pacific - 4Nov2019.pdf

73 "U.S. Strategic Framework for the Indo - Pacific", The White House, January 5, 2021, https://trumpwhitehouse.archives.gov/wp - content/uploads/2021/01/IPS - Final - Declass.pdf

74 Jim Garamone, "Biden Announces DOD China Task Force", US Dept of Defence, February 10, 2021, https://www.defense.gov/Explore/News/Article/Article/2500271/biden - announces - dod - china - task - force/ (accessed March 02, 2021)

75 "NATO 2030 United For a New Era", NATO, November 25 , 2020, https://www.nato.int/nato_static_fl2014/assets/pdf/2020/12/pdf/201201 - Reflection - Group - Final - Report - Uni.pdf

76 Bhım Bhurtel, '"Asian NATO 'plan stillborn at Tokyo Quad meet", *Asia Times*, Ocrober 9, 2020, https://asiatimes.com/2020/10/asian - nato - plan - stillborn - at - tokyo - quad - meet/ (accessed February 28, 2021)

# خىتايچە بىرلىكسەپ ئەندىزىسى؟

## بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭىشى سايلام ئانالىزىدىن يەكۈنلەر

**ئاساسىي مەزمۇنى:** نېمە ئۈچۈن بەزى دۆلەتلەر خىتاي بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە بولۇشقا قارىماي، خەلقئارالىق سەھنىلەردە خىتاينى ئۈچۈق تەنقىد قىلالىسىمۇ، يەنە بەزى دۆلەتلەر خىتاي بىلەن بىرلىكسەپ ھاسىل قىلىدۇ؟ بۇ ماقالىدە خىتاينىڭ بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشى ۋە ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىنىڭ دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان گېئوپولىتىكىلىق يېقىنلىقىغا قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقى تەھلىل قىلىنىدۇ ۋە ئۈچ پەرەزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مەقسىتىدە ئانالىز ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىرىنچىسى، خىتاي ئىنشا قىلغان ئورگانلىرىغا ئەزا بولغان دۆلەتلەرنى ئۆز سېپىگە تارتىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس. ئىككىنچىسى، خىتاي بانكىلىرىدىن ئىقتىسادىي ياردەم ئالغان دۆلەتلەر خىتايغا گېئوپولىتىكا جەھەتتىن يېقىنلىشىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاجىز ۋە خىتايدىن كۆپ مىقداردا تاشقى ياردەم قوبۇل قىلغان دۆلەتلەر خىتايغا گېئوپولىتىكا جەھەتتىن يېقىنلىشىدۇ. مايىللىق كۆرسەتكۈچىنى ماسلاشتۇرۇش مودېلى ئارقىلىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئومۇمىي كېڭىشىدە 2013 - 2016 يىللىرى ئارىسىدىكى سايلام نەتىجىسىنى ئانالىز قىلغىنىمىزدا، بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى پەرەزنى كەسكىن، ئىككىنچى پەرەزنى قىسمەن مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ماقالە، خىتاينىڭ خەلقئارالىق ئورگانلاردىكى تەسىرى ۋە دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن بىرلىكسەپ ھاسىل قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ.

**يالقۇن ئۇلۇغيول**

كوچ ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەر كەسپى دوكتورانتى.

E-mail: uluyolyalkun@gmail.com

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى؛ ئىتتىپاقداشلىق؛ خىتاي؛ خەلقئارالىق ئورگانلار؛ بىر بەلباغ بىر يول؛ ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى؛ مايىللىق كۆرسەتكۈچىنى ماسلاشتۇرۇش

## كىرىش

خىتاينىڭ خەلقئارالىق سەھنىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى خەلقئارالىق مۇناسىۋەت مۇتەخەسسىسلىرى ئارىسىدا كەسكىن مۇنازىرەلەرگە سەۋەب بولماقتا. تەتقىقاتچىلار كەڭ دائىرىدە خىتاينىڭ يۈكسىلىشى ۋە جاھانگىرلىكتىن كېيىنكى خەلقئارالىق تۈزۈمگە (Post - Hegemonic International Order) بولغان تەسىرىنى خىتاينىڭ 21 - ئەسىردىكى قىممەت قاراش تەشۋىقاتى، تەرەققىيات ئەندىزىسى، ئورگان قۇرۇلمىسى ۋە تاشقى سىياسىتى قاتارلىق نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشماقتا. بۇ تەتقىقاتلارنىڭ ئورتاق نۇقتىسى شۇكى، خىتاينىڭ كۈنسايىن كۆتۈرۈلۈشى مەۋجۇت دۇنيا تەرتىپىگە جەڭ ئېلان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى خەلقئارالىق باشقۇرۇش سىستېمىسىغا تەھدىت ئېلىپ كەلگەنلىكىدۇر. بولۇپمۇ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خىتاي ھەم سىياسىي ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەت دائىرىسىدە تېخىمۇ تەشەببۇسكار ۋە قەتئىي رول ئالماقتا. بەزى ئوبزورچىلار 21 - ئەسىرنىڭ ئەڭ مۇھىم پىلانلىرىدىن بىرى دەپ قاراۋاتقان بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەردە مەبلەغ سېلىش پۇرسىتى يارىتىش ۋە خىتاي بىلەن بولغان تىجارەت مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق تەسىر دائىرىسىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كېڭەيتمەكتە[1]. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى بىر تەرەپتىن خىتاي شىركەتلىرى ۋە تۈرلىرىنىڭ چەتئەلدىكى مەۋجۇتلۇقىنى قوغدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتلەرگە قەرز بېرىش ئارقىلىق خەلقئارالىق تەرەققىيات مالىيە دىنامىكىلىرىنى ئۆزگەرتمەكتە[2].

بۇ ماقالە تۆۋەندىكى سوئالغا جاۋاب بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ: خىتاينىڭ بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشى، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى قاتارلىق ئورگانلىرىنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتى دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا بولغان گېئوپولىتىكىلىق يېقىنلىقىغا (Geopolitical Proximity) تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاي تەرغىب قىلىۋاتقان «ھېچقانداق شەرت قوشماسلىق» (No Strings Attached) تاشقى ئىشلار سىياسەت پرىنسىپىنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا، خىتاي ئىنشا قىلىۋاتقان خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ۋە مالىيە سىخېمىسى تەرغىب قىلىنىۋاتقىنىدەك ئەندىزە بىر تەرەپلىمىلىكنى تاشلاپ، ئىدېئولوگىيە توسۇقىدىن ھالقىغانمۇ؟ مايىللىق كۆرسەتكۈچلىرىنى ماسلاشتۇرۇش (Propensity Score Matching) ئانالىزى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ب د ت ئومۇمىي كېڭىشى (United Nation General Assembly) سايلام نەتىجىلىرىنىڭ تەھلىلى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشى ۋە ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى ئەزالىق سالاھىيىتىنىڭ دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا بولغان گېئوپولىتىكىلىق يېقىنلىقىغا تەسىرى بولمىسىمۇ، كۈچسىز دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتى، ئۇلارنىڭ ب د ت ئومۇمىي كېڭىشىدە خىتاي بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشىغا (Alignment) تۈرتكە بولماقتا. ماقالە مەۋجۇت تەتقىقاتلارنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى (Literature Review) (بىرىنچى بۆلۈم) بىلەن باشلىنىپ، ئۇقۇملاشتۇرۇش (Conceptualization)، مېتودو-

لوگىيە (Methodology)، ۋە ئۆزگەرگۈچى مىقدارلارنىڭ ئېنىقلىمىسى (Definition of Variables) بىلەن داۋاملىشىدۇ. ئۈچىنچى بۆلۈمدە، ئىستاتىستىكىلىق كۆرسەتكۈچلەر (Descriptive Statistics) ۋە مەۋجۇت سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ. ئاخىرقى بۆلۈمدە بولسا مايىللىق كۆرسەتكۈچلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئانالىز نەتىجىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. خاتىمە قىسمىدا بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە توختىلىش بىلەن بىرگە، ماقالە قىسقىچە خۇلاسىلىنىدۇ.

## مەۋجۇت تەتقىقاتلار (Literature Review)

خىتاي سىياسەتچىلىرى نۆۋەتتىكى خەلقئارالىق سىستېمىنى قوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقىچە قىممەت قاراش ۋە ئەندىزىلەرنى تەشەببۇس قىلماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشى ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتتىكى دۆلەت مەنپەئەتىگە زىت قۇرۇلمىلارنى ئۆزگەرتىش مېخانىزمىنى جەنۇبىي يېرىم شاردىكى (The Global South) دۆلەتلەرنى مەركەز قىلغان ئاساستا كەڭ كۆلەملەشتۈرەلىشى مۇمكىن[3]. بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشى خىتاينىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىق دەرىجىسىنى بەلگىلەيدىغان، شۇنداقلا، پەرقلىق كاتېگورىيەلەرگە ئايرىلغان دىنامىك ھەمكارلىق تورىنىڭ يېيىلىش سۈرئىتىنى ئاشۇردى؛ بۇ كاتېگورىيەلەرگە رۇسىيە بىلەن بولغان ئۇنىۋېرسال ئىستراتېگىيەلىك ماسلىشىش شېرىكلىكى (comprehensive strategic partnership of coordination)، پاكىستان بىلەن بولغان دائىمىي ئىستراتېگىيەلىك ماسلىشىش شېرىكلىكى (all - weather strategic cooperative partnership)، ئىران، مالايشىيا، برازىلىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئۇنىۋېرسال ئىستراتېگىيەلىك شېرىكلىكى (comprehensive strategic partnership) قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ[4]. بۇ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئافرىقا قىتئەسىگە جايلاشقان دۆلەتلەرگە پەرقلىق نۇقتىدىن يېقىنلاشتى. بەزى تەتقىقاتچىلار خىتاينىڭ ئافرىقا قىتئەسىدىكى سىياسىي كۈچىنى تەتقىق قىلىشتا مەركەزلەشكەن بولۇپ، نەتىجىدە خىتاينىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەسىرىنىڭ ئېشىشى قىتئە دۆلەتلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىدىن سىرت، ب د ت ئومۇمىي كېڭىشىدە كۈچ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش (Balancing) نەزەرىيەسىگە ماس ھالدا ئامېرىكاغا يېقىنلاشقانلىقىنى بايقىغان[5]. بۇنىڭ ئەكسىچە، خىتاينىڭ خام ئەشيانى مەقسەت قىلغان قەرز كېرىدىتى (resource - backed - loans) ھەققىدىكى تەتقىقاتلار خىتايچە شەرتلىشىش ئەندىزىسى (conditionality with Chinese characteristics) نى چۆرىدىگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، Bretton Wood’s ئورگانلىرىدىن پەرقلىق ھالدا بۇ شەرتنامىلەرنىڭ ئافرىقا دۆلەتلىرى ئۈچۈن جەلپ قىلارلىق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان [6]. ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى ۋە ئۇنىڭ خىتاي گېئوپولىتىكىلىق مۇددىئالىرىدىكى ئەھمىيىتى يەنە بىر تۈركۈم تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولماقتا. چېن زۆگېن قاتارلىق تەتقىقاتچىلار ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنغان، سىغدۇرۇشچان، ھەمكارلىقنى ئاساس قىلغان (reformed multilateral financial institution) كۆپ تەرەپلىمىلىك بانكا بولۇشى سەۋەبلىك كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىگەنلىكىنى ۋە خەلقئارادىكى مەۋجۇت لىبېرال پىرىنسىپلارغا خىرىس ئېلىپ

كەلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان[7]. بۇ قاراشقا قارشى چىققان يەنە بىر تۈركۈم تەتقىقاتچىلار ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىغا خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە فوندى قاتارلىق لىبېرال ئورگانلاردىن (liberal institutions) تەركىب تاپقان مالىيە ئىقتىساد تورىنى ئۆزگەرتىۋاتقان قىممەت قاراش تەرغىباتچىسى سۈپىتىدە قارىماقتا[8]. ھەتتا بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ بانكىنىڭ تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى شېرىكلىك ئاساسلىرىنى ئىقتىسادىي پىراگماتىزم (economic pragmatism) ۋە گېئوپولىتىكىلىق يېقىنلىق (geopolitical proximity) نۇقتىسىدىن چۈشىنىشتىكى رولى ھەققىدە ئىزدەنمەكتە[9].

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭىشى نۆۋەتتىكى دۇنيا تەرتىپىنىڭ ئەڭ كەڭ كۆلەملىك ۋە سىغدۇرۇشچان خەلقئارالىق ئورگىنى (International Organization)دۇر. كېڭەشتىكى سايلام نەتىجىلىرى دۆلەتلەر ئارا سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنى كۆزىتىشتىكى مۇھىم مەلۇمات مەنبەسى[10] بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەتقىقاتچىلارنىڭ دۆلەتلەرنىڭ پوزىتسىيەلىرىدىكى ئۆزگىرىشنى (Behavioral Change) تەكشۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ[11]. ئەمەلىي تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن (Empirical Evidence) كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دۆلەتلەرنىڭ كېڭەشتىكى پوزىتسىيەسى ئۇلارنىڭ چەكلىك مالىيە كۈچى (Limited Financial Capacity)، قارار بەرگۈچىلەر دۇچ كەلگەن توسالغۇلار (Constraints of Decision - makers) ۋە ئۈچىنچى دۆلەتنىڭ تاشقى ياردەم ئارقىلىق يېنىغا تارتىشى تۈپەيلى ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن[12]. كۈنىمىزدە بېيلى قاتارلىق تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلچەم ئارقىلىق دۆلەتلەر ئارىسىدىكى گېئوپولىتىكىلىق يېقىنلىقنى تېخىمۇ ياخشى سېلىشتۇرىدىغان «ئۆزگىرىشچان دۆلەتلىك ئىدېئال نۇقتا» (Dynamic National Ideal Points) قىممەتلىرىنى ئۆلچەرلەش مۇمكىن[13]. بۇ ئۇسۇل ئىككى دۆلەتنىڭ سايلامدا ماقۇللانغان بېلەتلىرى ئاساسىدا سىياسىي مەيدانىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئۆلچەم (Measure) ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئۆلچەم ئوخشاش ۋاقىتتا دۆلەتلەرنىڭ گېئوپولىتىكىلىق يېقىنلىقىنى ئۆلچەرلەشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ب د ت ئومۇمىي كېڭىشىدىن توپلانغان مول سانلىق مەلۇماتلاردىن، بولۇپمۇ يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئۆلچەمدىن پايدىلىنىپ، خىتاي بىلەن بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار كۆپەيمەكتە. شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ خىتايغا بولغان يېقىنلىق پوزىتسىيەسىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاجىز دۆلەتلەر ئىقتىسادىي، دىپلوماتىك ۋە سىياسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىتاي بىلەن يېقىنلىشىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ كۈچلەندۈرۈشكە تىرىشماقتا [14]. يەنە بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاينىڭ دۇنيا مىقياسىدا ئېشىۋاتقان مەبلەغ تۈرلىرى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان شېرىكلىك مۇناسىۋىتىنى ناچارلاشتۇرسىمۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسەتمەيدىكەن [15]. قارشى قاراشتىكى تەتقىقاتچىلار بولسا ئومۇمىي كېڭەش سايلام نەتىجىلىرىنىڭ خىتاينىڭ دىپلوماتىك ۋە ئىقتىسادىي تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، باشقا دۆلەتلەرنى ئىگىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسان ھەقلىرى قاتارلىق مەسىلىلەردە يېنىغا تارتىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن[16]. خىتاينىڭ تاشقى ياردىمىگە (Foreign Aid) مەركەزلەشكەن تەتقىقاتلارمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. بىر قىسمى خىتاينىڭ تاشقى ياردىمى ئامېرىكانىڭ ئومۇمىي كېڭەشنى كونترول قىلىش كۈچىنى ئازايتتى

دېگەن قاراشتا بولسا[17]، يەنە بىر قىسمى تاشقى ياردەم تۈرلىرىدىن پەقەت ئىنئام (Grant) تۈرىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان يېقىنلىقىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى، باشقا تۈرلەرنىڭ تەسىرى بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان[18]. برونز قاتارلىقلار ئەڭ يېڭى ئەمەلىي ئانالىز ئارقىلىق دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ كۈچىيىۋاتقان ئىقتىسادىي يېتەكچى كۈچ ئورنىنى قوللىشىدىكى تارتقان ۋە ئىتتىرگەن ئامىللارنى (Pull and Push Factors) بايقىغان. دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئەھۋالىغا مەركەزلەشكەن ئەمەلىي تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، دۆلەتلەرنىڭ مالىيە كىرىزىسىغا ئۇچراش ئەھۋالى، كاپىتال ئېقىش تۈزۈلمىسى (Portfolio Capital Outflows)، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە فوندى تۈرلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي تۇراقسىزلىق (Social Unrest) ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىدىكى ئامېرىكاغا قارشى شىكايەت سانى قاتارلىقلار دۆلەتلەرنىڭ خىتاينى قوللىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئامىللار ھېسابلىنىدىكەن[19].

يۇقىرىدىكى تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلگەندەك، خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقاتچىلىرى خىتاينىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى كۈچىيىۋاتقان ئىقتىسادىي كۈچى ھەققىدە ئوخشاش كۆز قاراشتا بولسىمۇ، سىياسىي تەسىرى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارغا ئىگە. يىغىنچاقلىغاندا، بەزى تەتقىقاتچىلار خىتاينىڭ دۇنياغا كېڭىيىشىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسى يوقلىقى، شۇنداقلا دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا گېئوپولىتىكا جەھەتتىن يېقىنلىشىشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. يەنە بەزىلىرى بۇ قاراشنىڭ ئەكسىچە، خىتاينىڭ قىممەت قاراش تەشەببۇسكارى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقانلىقى، ئىقتىسادىي شېرىكلىكلەردە سىياسىي ئۆلچەمنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقى، تاشقى ياردەم ۋە مەبلەغ تۈرلىرىنىڭ خىتايچە شەرتلەرگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

بۇ ماقالە بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشى ۋە ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى مەركەز قىلغان ئاساستا خىتاينىڭ سىياسىي تەسىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتلاردىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. سېلىشتۇرمىلىق يەكۈنگە ئېرىشىش ئۈچۈن خىتاي ئورگانلىرىدىن بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشىغا ئەزا دۆلەتلەر، ئافرىقا قىتئەسىگە جايلاشقان دۆلەتلەر، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىغا ئەزا دۆلەتلەر ۋە بۇ بانكىدىن قەرز ئالغان دۆلەتلەر قاتارلىق تۆت گۇرۇپپىنىڭ خىتاي بىلەن سىياسىي جەھەتتىن بىر سەپتە ياكى ئەمەسلىكى دىققەتكە ئېلىنىدۇ. مېتودولوگىيە جەھەتتىن، مايىللىق كۆرسەتكۈچلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئانالىزى ئارقىلىق مۇئامىلە (Treatment) ۋە كونترول (Control) گۇرۇپپىلىرى ئارىسىدىكى پەرقنى باشقا سېلىشتۇرمىلىق ئانالىزلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۆلچەملىك مۆلچەرلەش مەقسەت قىلىنىدۇ[20].

## تەتقىقات سوئالى ۋە پەرەزلەر (Research Question and Hypotheses)

بۇ ماقالىدە تۆۋەندىكى سوئالغا جاۋاب بېرىلىدۇ: بىر دۆلەتنىڭ بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشى ۋە ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىغا ئەزا بولۇشى خىتاي بىلەن بولغان گېئوپولىتىكىلىق يېقىنلىقىغا تەسىر كۆرسىتەمدۇ - يوق؟ خىتاينىڭ «ھېچقانداق شەرت قويماسلىق» سىياسىتى ئەمەلىيەتتە ئۈنۈملۈكمۇ؟ خىتاي بىلەن ئىقتىساد ۋە مالىيە ساھەسىدە ھەمكارلىق ئورنىتىشنىڭ سىياسىي بەدىلى بارمۇ؟ ماقالە تۆۋەندە ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ئۈچ پەرەزنىڭ توغرا

- خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىشنى نىشان قىلغان ھالدا ئىلگىرىلەيدۇ. بىرىنچى پەرەز: ختتاي باشچىلىق قىلغان خەلقئارالىق ئورگانلارغا ئەزا بولۇش، بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي مەيدانىنى، يەنى ختتاي بىلەن بولغان يىراق - يېقىنلىق دەرىجىسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئىككىنچى پەرەز: ئەگەر بىر دۆلەت مالىيە جەھەتتىن ختتاينىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسا، ختتايغا سىياسىي جەھەتتىن يېقىنلىشىدۇ. ئۈچىنچى پەرەز: ئەگەر بىر دۆلەت مالىيە ئىقتىساد جەھەتتىن ئاجىز ۋە ختتايدىن تاشقى ياردەم ئالغان بولسا، ختتايغا سىياسىي جەھەتتىن يېقىنلىشىدۇ.

## مېتودولوگىيە ۋە سانلىق مەلۇماتلار (Method and Data)

ماقالىدە مايىللىق كۆرسەتكۈچلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئانالىزى مۇئامىلە گۇرۇپپىسىدىكى ئوتتۇرىچە مۇئامىلە تەسىرىنى (ATT – Average Treatment Effect on the Treated) ئۆلچەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق مۇئامىلە گۇرۇپپىسى (Treatment Group) بىلەن كونترول گۇرۇپپىسى (Control Group) ئارىسىدا ئىككى گۇرۇپپا ئەزالىرىدىكى سىستېمىلىق پەرق (Systemic Difference) تۈپەيلى ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىر تەرەپلىمە يەكۈندىن خالىي (unbiased) ھالدا سېلىشتۇرما ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ[21]. مودېل ۋە ئوتتۇرىچە مۇئامىلە تەسىرى مۆلچەرلەش يولى تۆۋەندە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ. بۇ جەريان ماقالىمىزدىكى تۆت كاتېگورىيە ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا ماسلاشتۇرۇلغان مايىللىق كۆرسەتكۈچلىرى (Matched Propensity Scores) مۇئامىلە ۋە كونترول گۇرۇپپىلىرى ئارىسىدا سېلىشتۇرۇلىدۇ.

مودېلنىڭ تۇنجى قەدىمىدە، ئەگىشىپ ئۆزگەرگۈچى مىقدارلار (Dependent Variable) ئارىلاشما ئۆزگەرگۈچى مىقدارلار (Confounding Variables) ئارقىلىق لوگارىفمىلىق مودېل (Logit Model) بىلەن مۆلچەرلىنىدۇ:

$$Pr(D_i = 1|X_i) = \Phi\{h(X_i)\}$$

Φ لوگارىفمىلىق فۇنكسىيەنى، $h\ (X_i)$ پۈتۈن كوۋا-رىيانسلارنى (Covariates) ئۆز ئىچىگە ئالغان باشلانغۇچ ئۆلچەمگە (Starting Specification) ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە، ئېلىنغان ئۆرنەك (Sample)، مايىللىق كۆرسەتكۈچلىرىگە ئاساسەن بىر - بىرى بىلەن تەڭ بولغان ئىككى ئېنتېرۋالغا (Interval) ئايرىلىدۇ. ئۈچىنچى قەدەمدە، ھەر ئېنتېرۋالدىكى مايىللىق كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى (Mean Average) ئۆلچىنىپ، مۇئامىلە ۋە كونترول گۇرۇپپىسىنىڭ مايىللىق كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئەمەسلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. تۆتىنچى قەدەمدە، مودېلنىڭ تەڭپۇڭلۇق قىياسى (Balancing Hypothesis) قانائەتلەندۈرۈلىدۇ. (يەنى ھەر قايسى ئارىلاشما ئامىللارنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى مۇئامىلە ۋە كونترول گۇرۇپپىسىدا بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولمايدۇ). بەشىنچى قەدەمدە، مۇئامىلە گۇرۇپپىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تەسىرى ئالدىنقى قەدەملەردە مۆلچەرلەنگەن (Estimated) مايىللىق كۆرسەتكۈچلىرىنى رادىئۇس ئارقىلىق ماسلاشتۇرۇش ئۇسۇلى (Radius Matching Method) بىلەن ماسلاشتۇرۇلىدۇ. رادىئۇس ئارقىلىق ماسلاشتۇرۇشتا، $C_i = \{p_j \mid \| p_i - p_j \| < r\}$ بولىدۇ، يەنى ماسلاشتۇرۇلغان كونترول گۇرۇپپىسىنىڭ مۆلچەرلەنگەن مايىللىق كۆرسەتكۈچى (p ئارقىلىق ئىپادىلەندى)، مۇئامىلە گۇرۇپپىسىدىكى i بىلەن ماسلاشتۇرۇلغان مايىللىق كۆرسەتكۈچىسىنىڭ r رادىئۇسى ئىچىدە بولىدۇ.

**بىرىنچى جەدۋەل** [22]:

| ئۆلچىمى | | ئىسمى |
|---|---|---|
| 2016-2013 يىللىرى ئارىسىدىكى ب د ت ئومۇمىي كېڭەش سايلام نەتىجىسىگە ئاساسەن دۆلەتلەرنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئىدېئال نۇقتىسىنىڭ خىتايدىن يىراقلىقى. (Bailey, Strezhnev, and Voeten 2017). | نەتىجە ئۆزگەرگۈچى<br>Outcome Variable | ئىدېئال نۇقتىسىنىڭ خىتايدىن يىراق - يېقىنلىق<br>Ideal Point Distance from China |
| ئەگەر دۆلەت بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشى لىنىيەسىگە قاتناشقان بولسا 1، بولمىسا 0 قىممىتى بېرىلدى. | ئەگەشمە ئۆزگەرگۈچىلەر<br>Dependent Variables | بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى (BRI) |
| ئەگەر ئافرىقا قىتئەسىگە جايلاشقان بولسا 1، بولمىسا 0 قىممىتى بېرىلدى. | | ئافرىقا (Africa) |
| ئەگەر دۆلەت ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىغا ئەزا بولسا 1، بولمىسا 0 قىممىتى بېرىلدى. | | ئاسىيا ئۇل-ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى ئەزالىقى (AIIB member) |
| ئەگەر دۆلەت ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىدىن قەرز ئالغان بولسا 1، بولمىسا 0 قىممىتى بېرىلدى. | | بانكا قەرز (AIIB lending) |
| 2016-1995 يىللىرى ئارىسىدا دۆلەتنىڭ ئامېرىكاغا قارشى قىلغان شىكايەتلىرىنىڭ تويلام سانى (Broz et al. (2020 | ئارىلاشما ئۆزگەرگۈچىلەر<br>Confounding Variables | دۇنيا سودا تەشكىلاتىدا ئامېرىكاغا قارىتىلغان شىكايەتلەر<br>WTO complaints against the U.S |
| 2016-1990 يىللىرى ئارىسىدا دۆلەت يولۇققان مالىيە كرىزىسلىرىنىڭ توپلام سانى (Broz et al. 2020) | | مالىيە كرىزىسى Financial Crisis |
| خەلقئارالىق مالىيە ئىستاتىستىكىسى ۋە دۇنيا تەرەققىيات كۆرسەتكۈچى | | دۇنيا پۇل مۇئامىلە فوندى قىزىل رەقىمى<br>IMF governance deficit |
| 2017-1990 يىللىرى ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي تۇراقسىزلىقلارنىڭ ئومۇمىي سانى<br>Broz et al. (2020)-National Time-Series Data .Archive | | دۇنيا پۇل مۇئامىلە فوندى پىروگراممىلىرىدىكى ئىجتىمائىي تۇ ر ا قسىز لىق<br>Social unrest during the IMF program |
| 2016-1990 يىللىرى ئارىسىدىكى سىرتقا ئاققان ساپ كاپىتال تۇراقسىزلىقىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى .(Broz et al. (2020 | | كاپىتالنىڭ سىرتقا ئېقىشىدىكى تۇ ر ا قسىز لىق<br>The volatility of portfolio outflows |
| Polity IV | | دۆلەت تۈزۈمى Regime Type |
| ئەگەر بىر دۆلەت ۋە خىتاي ئارىسىدا مەبلەغ شېرىكلىك توختامنامىسى ئىمزالانغان بولسا 1، بولمىسا 0 قىممىتى بېرىلدى. | | مەبلەغ شېرىكلىك توختامنامىسى<br>Bilateral investment treaty with China |
| دۇنيا بانكىسىدىن ئېلىندى | | كىشى بېشىغا چۈشكەن ھەقىقىي ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىكى ئۆسۈش<br>Real GDP per capita growth |
| دۇنيا بانكىسىدىن ئېلىندى | | ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى GDP |

## ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار (Descriptive Statistics) ۋە ئانالىز نەتىجىسى


بىرىنچى دىياگراممىدا كۆرسىتىلگىنى ئانالىزنىڭ تۆت كاتېگورىيەسىدىن يارتىلغان ياسالما ئۆزگەرگۈچى مىقدارلارنىڭ (Dummy Variables) ئىستاتىستىكىسى بولۇپ، مۇئامىلە گۇرۇپپىسى ۋە كونترول گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ (يەنى بەلگىلەنگەن كاتېگورىيەلەردىكى دۆلەتلەر مۇئامىلە گۇرۇپپىسى، باشقىلىرى بولسا كونترول گۇرۇپپىسى ھېسابلىنىدۇ. ياسالما ئۆزگەرگۈچى مىقدارلار خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى تور بېتىگە ئاساسەن تەييارلاندى). دىياگراممىدا كۆرسىتىلگەندەك، بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان 67 دۆلەت، ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ. دۆلەتلەرنىڭ بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى خىتاينىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىغا قاتنىشىش ئەھۋالىغا، ئافرىقا دۆلەتلىرى بولسا مالىيە جەھەتتىن ئاجىز ۋە تاشقى ياردەم قوبۇل قىلغۇچى دۆلەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ سېلىشتۇرمىلىق ئانالىز ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى پەرەزلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئوخشاش شەكىلدە، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى پەرەزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى ئەزالىق سالاھىيىتى بولغان دۆلەتلەر ۋە خىتايدىن قەرز ئالغان دۆلەتلەر ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلىدۇ. ب د ت ئومۇمىي كېڭىشىگە ئەزا 192 دۆلەت ۋە رايونلار تەتقىقاتنىڭ ئومۇمىي ئوبيېكتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى دىياگراما، مۇئامىلە ۋە كونترول گۇرۇپپىلىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىدېئال نۇقتىلىرىنىڭ (نۆلگە قانچىلىك يېقىن بولسا خىتاي بىلەن شۇنچىلىك يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ) خىتاي بىلەن بولغان يىراق - يېقىنلىق كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىنى يىغىنچاقلايدۇ (ئۆلچەملىك خاتا قىممىتى (Standard Error) تىرناق ئىچىدە كۆرسىتىلدى). دەسلەپكى ئىستاتىستىكىلىق قىممەتلەر ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەرەزلەرنى قوللايدۇ، يەنى خىتاينىڭ بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشى ۋە ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى ئورگانلىرىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن ئەزا بولمىغان دۆلەتلەر ئارىسىدا خىتايغا گېئوپولىتىكىلىق يېقىنلىق جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك پەرق يوق. خىتايدىن قەرز ئالغان دۆلەتلەر ۋە ئافرىقا قىتئەسىگە جايلاشقان دۆلەتلەر باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا گېئوپولىتىكا جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يېقىن. لېكىن، توغرا ۋە بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي سېلىشتۇرمىلىق ئانالىز (Comparative Analysis) ئۈچۈن مايىللىق كۆرسەتكۈچىنى ماسلاشتۇرۇش ئانالىزى ئېلىپ بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.


چۈنكى مايىللىق كۆرسەتكۈچىنى ماسلاشتۇرۇش ئانالىزى بەلگىلەنگەن ئارىلاشما ئۆزگەرگۈچى قىممەتلەر ۋە ئەگەشكۈچى ئۆزگەرگۈچى قىممەتلەر ئارقىلىق مۆلچەرلەنگەن مايىللىق كۆرسەتكۈچ قىممىتىگە قارىتا، مۇئامىلە ۋە كونترول گۇرۇپپىسىدىكى بىر - بىرىگە يېقىن دۆلەتلەرنى سېلىشتۇرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئارىلاشما ئۆزگەرگۈچى قىممەتلەر دىققەتكە ئېلىنىپ، پەقەت ئىككى پەرقلىق گۇرۇپپىدىكى بىر - بىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان دۆلەتلەر ئارىسىدا سېلىشتۇرما ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكاغا قارشى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا تەخمىنەن ئوخشاش مىقداردا ئەرز سۇنغان، مالىيە ئىقتىساد جەھەتتىن ئوخشاش دەرىجىدە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان، دۆلەت تۈزۈمى ئوخشاپ كېتىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي

قىممەتى بىر - بىرى بىلەن يېقىن، لېكىن بىرى بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشىغا ئەزا بولغان، يەنە بىرى ئەزا بولمىغان ئىككى دۆلەتنىڭ خىتايغا يېقىنلىق دەرىجىسى سېلىشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق، ئەزالىق سالاھىيىتى سىرتىدىكى، دۆلەتلەرنى خىتايغا مايىل قىلىشتا تەسىر كۆچى بولغان ئۆزگەرگۈچى قىممەتلەر تۈپەيلى ئوتتۇرىغا چىقىش ئېھتىمالى بولغان بىر تەرەپلىمە يەكۈندىن (Biasedness) ساقلانغىلى بولىدۇ. تەڭپۇڭلۇق قىياسى شەرتى ھاسىل بولغىنىدا، مۇئامىلە ۋە كونترول گۇرۇپپىلىرى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ ئىستاتىستىكىلىق ئەھمىيىتى (Statistical Significance) ۋە توغرىلىق دەرىجىسى تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ.


بىرىنچى دىياگرامما:




ئىككىنچى دىياگرامما:





ئۈچىنچى دىياگرامما:




**ئىككىنچى جەدۋەل: ماسلاشتۇرۇلغان ۋە ماسلاشتۇرۇلمىغان مۇئامىلە ۋە كونترول گۇرۇپپىلىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىدىئال نۇقتىلىرىنىڭ خىتايدىن يىراق- يېقىنلىق پەرقى**

| | | Difference | .S.E |
|---|---|---|---|
| AIIB member | Unmatched | 0.143694 | 0.173909 |
| | ATT | 0.216283 | 0.218856 |
| AIIB lending | Unmatched | -0.72292 | 0.209241 |
| | ATT | -0.24704 | 0.288748 |
| BRI position | Unmatched | -0.09415 | 0.172482 |
| | ATT | 0.220889 | 0.306826 |
| Africa | Unmatched | -0.8063 | 0.301819 |
| | ATT | -0.58719 | 0.15549 |


**تۆتىنچى دىياگراما: ماسلاشتۇرۇش نەتىجىسىنىڭ ھەرقايسى كاتېگورىيەلەر بويىچە ئۆلچەم سېلىشتۇرمىسى**





AIIB Membership




AIIB Lending




BRI Positions




African Countries

مايىللىق كۆرسەتكۈچىنى ماسلاشتۇرۇش نەتىجىسى ئۈچىنچى دىياگراممىدا دۆلەتلەرنىڭ ئىدىئال نۇقتىلىرىنىڭ خىتايدىن يىراقلىقى مۇئامىلە ۋە كونترول

گۇرۇپپىلىرىنى ماسلاشتۇرۇلغان (Matched) ۋە ماسلاشتۇرۇلمىغان (Unmatched) ئۆرنەكلەر ئارا سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق كۆرسىتىلدى. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلاردىن بىرى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دىياگراممىلار ئارىسىدىكى پەرقتۇر. ئىككىنچى دىياگراممىا پۈتۈن دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەكىلدە ھەرقايسى كاتېگورىيەلەردىكى مۇئامىلە ۋە كونترول گۇرۇپپىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئېھتىمال نۇقتىسىنىڭ خىتايدىن يىراقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى دىياگراممىا بولسا، بەلگىلەنگەن ئارىلاشما ئامىللارنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا، ھەرقايسى كاتېگورىيەلەرگە ئاساسەن كونترول ۋە مۇئامىلە گۇرۇپپىسىدىكى دۆلەتلەرگە بېرىلگەن مايىللىق كۆرسەتكۈچ قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كۆرسەتكۈچ قىممەتلىرى ھەرقايسى گۇرۇپپىلار ئىچىدە ماسلاشتۇرۇلغان ۋە ماسلاشتۇرۇلمىغان دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئۈچىنچى دىياگراممىدىكى ماسلاشتۇرۇلمىغان قىممەت، مۇئامىلە ۋە كونترول گۇرۇپپىسىدىكى پۈتۈن دۆلەتلەرنىڭ مايىللىق كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ. ماسلاشتۇرۇلغان قىممەت بولسا يۇقىرىدا توختالغان رادىئۇس بويىچە ماسلاشتۇرۇش مېتودى ئارقىلىق ماسلاشتۇرۇلغان بىر - بىرى بىلەن يېقىن مۇئامىلە ۋە كونترول گۇرۇپپىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مايىللىق كۆرسەتكۈچ قىممىتىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ. مايىللىق كۆرسەتكۈچىنى ماسلاشتۇرۇش ئانالىزىدا ئەڭ مۇھىم يەكۈن ماسلاشتۇرۇلغان مۇئامىلە ۋە كونترول گۇرۇپپىلىرىدىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا خىتايغا يېقىنلىق دەرىجىسىدىكى پەرقنىڭ ئىستاتىستىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىگە ئاساسەن چىقىرىلىدۇ. ئىككىنچى جەدۋەلدە بۇ پەرق ۋە پەرقنىڭ ئىستاتىستىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدىغان ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن خاتا نىسبىتى (Standard Error) بېرىلدى. تۆتىنچى دىياگراممىدا بولسا مايىللىق كۆرسەتكۈچىنى ماسلاشتۇرۇش ئۈنۈمى (Matching Performance)، ئارىلاشما ئۆزگەرگۈچى قىممەتلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇلغان ۋە ماسلاشتۇرۇلمىغان ئۆرنەكلەردىكى كوۋارىيانسلارنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن بىر تەرەپلىمىلىك نىسبىتىنى (Standardized Percentage Bias Across Covariates) سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كۆرسىتىلدى. كۆرسىتىلگىنىدەك، ماسلاشتۇرۇلغان ئۆرنەكلەردە بىر تەرەپلىمىلىك نىسبىتى نۆلگە ئومۇمىيۈزلۈك يېقىنلاشقان بولۇپ، بۇ ماسلاشتۇرۇش ئۈنۈمىنىڭ ۋە ئانالىزنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۇئامىلە گۇرۇپپىسىنىڭ ئوتتۇرىچە مۇئامىلە تەسىرىنى (ATT) تەكشۈرۈش ئۈچۈن، t - ئىستاتىستىكىلىق سىنىقى (t - Test) ۋە مايىللىق كۆرسەتكۈچى سىنىقى (P - score Test) ئېلىپ بېرىلدى. t - ئىستاتىستىكىلىق سىنىقى، نەتىجە ئۆزگەرگۈچىسىدىكى يەنى دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا بولغان ئېھتىمال نۇقتا يىراقلىقى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ ئەھمىيىتىنى سىنايدۇ (Significance of the Difference). مايىللىق كۆرسەتكۈچ سىنىقى بولسا، دۆلەتلەرنىڭ مۆلچەرلەنگەن مايىللىق كۆرسەتكۈچى قىممىتى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ ئەھمىيىتىنى سىنايدۇ.

سىناق نەتىجىگە ئاساسلانغاندا، بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشى ۋە ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىغا ئەزا بولغان ۋە بولمىغان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى خىتايغا يېقىنلىق دەرىجىسىدىكى پەرقنىڭ مۇھىم ئەمەس (Insignificant) لىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ، ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرىنچى پەرەزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدۇ. خىتاي بانكىسىدىن قەرز ئالغان

ۋە ئالمىغان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى خىتاي بىلەن بولغان يىراق - يېقىنچىلىق دەرىجىسىدىكى پەرق، t - ئىستاتىستىكىلىق سىنىقىغا ئاساسلانغاندا ئەھمىيەتكە ئىگە (Significant) بولىسىمۇ، ماسلاشتۇرۇلغان ئۆرنەكلەردىكى مايىللىق كۆرسەتكۈچى سىنىقىغا ئاساسلانغاندا ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئافرىقا دۆلەتلىرى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان يىراق - يېقىنلىق دەرىجىسىدىكى پەرقنىڭ كۆرۈنەرلىك ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەر ئىككى سىناق نەتىجىسى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

## خۇلاسە ۋە تەتقىقاتنىڭ ئەھمىيىتى

خىتاينىڭ خەلقئارالىق سەھنىدە ئاكتىپ رول ئېلىشقا ئەگىشىپ، بىر بەلباغ بىر يول، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى قاتارلىق ئورگان ۋە تەشكىلاتلار ئارقىلىق كۈچىيىۋاتقان سىياسىي تەسىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار كۆپەيمەكتە. خەلقئارالىق مۇناسىۋەتتىكى مەۋجۇت تەتقىقاتلارنىڭ ئورتاق نۇقتىسى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ دۇنيا تەرتىپىنى ئۆزگەرتىۋاتقانلىقى، ئامېرىكانىڭ ھېگامونىياسىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىدۇر. لېكىن، خىتاي پەرقلىق يوللار بىلەن ئىنشا قىلىۋاتقان مۇناسىۋەت تورىنىڭ سىياسىي جەھەتتىن قانداق تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تالاش - تارتىش داۋام قىلماقتا. بۇ ماقالە مەۋجۇت تەتقىقاتلاردىكى خىتاي يېتەكچىلىكىدىكى ئورگانلارغا ئەزا بولۇشنىڭ سىياسىي بەدىلىنىڭ بار - يوقلۇقى مەسىلىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ماقالىدە قايسى تىپتىكى دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچراپ، گېئوپولىتىك جەھەتتىن خىتايغا يېقىنلاشقانلىقى مايىللىق كۆرسەتكۈچىنى ماسلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق يەكۈنلەندى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭىشىدە 2013 - 2016 يىللىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سايلام نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن، دۆلەتلەرنىڭ ئىدېئال نۇقتىسىدا خىتاي بىلەن بولغان ئارىلىق ئىندېكسى ئاساس قىلىنىپ، بىر بەلباغ بىر يول قۇرۇلۇشىغا ئەزا بولغان ۋە بولمىغان دۆلەتلەر؛ ئافرىقا قىتئەسىگە جايلاشقان دۆلەتلەر ۋە باشقىلار؛ ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە بانكىسىغا ئەزا بولغان ۋە بولمىغان دۆلەتلەر؛ خىتايدىن قەرز ئالغان ۋە ئالمىغان دۆلەتلەر قاتارلىق تۆت پەرقلىق كاتېگورىيە بويىچە سېلىشتۇرما ئېلىپ بېرىلدى. قىيىشتىن خالى ۋە توغرا ئانالىز ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، مەۋجۇت تەتقىقاتلاردىن پايدىلىنىپ، بۇ تەشكىلاتلارغا ئەزا بولۇشتىن باشقا، دۆلەتلەرنى خىتايغا يېقىنلاشتۇرۇش ئېھتىماللىقى بولغان دۇنيا سودا تەشكىلاتىدا ئامېرىكاغا قارشى ئەرز قېتىم سانى، پۇل مۇئامىلە فوندى قەرزىل سىزىقى، دۆلەت تۈزۈم تىپى قاتارلىق بىر قىسىم ئامىللار ئۆلچەملەشتۈرۈلدى. ماقالە ئۈچ پەرەزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئاساستا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىرىنچىدىن، دۆلەتلەرنىڭ خىتاي ئورگانلىرىغا ئەزا بولۇشى، خىتايغا ئېغىپ كەتكەنلىكىدىن بېشارەت بەرمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، خىتايغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېقىندى بولۇپ قېلىش، كۆپ مىقداردا ياردەم ئېلىش دۆلەتلەرنى بىرلەشكەن دۆلەتلەردە خىتايغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا گېئوپولىتىكىلىق مەيداننى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى خىتاينىڭ

ئۆز تەرىپىگە تارتىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىدۇ. مايىللىق كۆرسەتكۈچىنى ماسلاشتۇرۇش مېتودى ۋە مودېلى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي ئانالىزلار ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈچ پەرەزنىڭ ئىككىسىنى كۈچلۈك، بىرىنى قىسمەن مۇئەييەنلەشتۈردى. خىتايدىن قەرز ئالغان دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا يېقىن بولۇشىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق ئەھمىيىتى ھەققىدە كۈچلۈك ئىسپات بولماسلىقى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ سانىنىڭ نىسبەتەن ئاز بولغانلىقىدىن دەپ قارىساق تامامەن بولىدۇ. قىسقىچە خۇلاسىلەشكە توغرا كەلسە، خىتاي ئورگانلىرىغا ئەزا بولۇش بىر دۆلەتنى بىۋاستە خىتايغا يېقىنلاشتۇرمىسىمۇ، خىتايغا قەرز يولى، تاشقى ياردەم ئارقىلىق باغلىنىپ قېلىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاجىز بولۇش دۆلەتلەرنىڭ ب د ت دا خىتاي بىلەن بىرلىكسەپ تۇزۇشىگە سەۋەب بولىدۇ.

بۇ ماقالە مەۋجۇت تەتقىقاتلار ئۈچۈن ئۈچ جەھەتتىن خىزمەت قىلالايدۇ. بىرىنچىدىن، خىتاي ئورگانلىرىدىكى ئەزالىق سالاھىيىتىنىڭ سىياسىي جەھەتتىن زورلاش ۋە گېئوپولىتىك جەھەتتىن ئۆزىگە تارتىش كۈچى يوق. لېكىن، ئىككىنچى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان ۋە خىتايدىن تاشقى ياردەم قوبۇل قىلغان دۆلەتلەر خەلقئارالىق ئورگانلاردا خىتاي بىلەن بىرلىكسەپ تۇزىدۇ. بۇ خىتاينىڭ دۆلەتلەر بىلەن «شەرتسىز» ئەمەس، «خىتايچە شەرتسىز» ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقى ۋە ئىقتىسادىي ياردەملىرىنىڭ سىياسىي بەدىلى بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭەش سايلام نەتىجىسى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى تەتقىقاتلاردا پەرقلىق مودېللار ئارقىلىق ئانالىز قىلىنغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ گېئوپولىتىكىلىق تەسىرى ھەققىدىكى ئەمەلىي تەتقىقاتلار مايىللىق كۆرسەتكۈچىنى ماسلاشتۇرۇش مېتودىدىن ئەتراپلىق پايدىلانمىغان. باشقا مودېل ۋە مېتودلارغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ ماقالىدە قوللىنىلغان مودېل تېخىمۇ توغرا ۋە ئىشەنچلىك نەتىجە بېرىدۇ.

سوغۇق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن كېيىن، ئامېرىكا باشچىلىقىدا بىر قۇتۇپلۇق لىبېرال دۇنيا تەرتىپى 2008 - يىلىدىكى دۇنيا مالىيە ئىقتىسادىي كرىزىسىدىن كېيىن ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. خىتاي بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەرقلىق ۋاسىتىلەر بىلەن دۇنيا مىقياسىدا تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. كۆپ قۇتۇپلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ مېڭىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا تەرتىپىدە خىتاينىڭ ئورنى ۋە يېڭى ئىنتىپاقداشلىرى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقاتلارغا بولغان ئېھتىياج كۈنسايىن ئاشماقتا. لىبېرال دۆلەتلەر خىتاينىڭ كۈچىيىشىنى تىزگىنلىيەلەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىر قىسىم دۆلەتلەر خىتاي بىلەن بولغان قويۇق ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بولۇشىغا قارىماي، خىتاينى تەنقىد قىلسىمۇ، يەنە بىر قىسىم دۆلەتلەر ب د ت قاتارلىق خەلقئارالىق ئورگانلاردا خىتاي بىلەن بىرلىكسەپ بولىدۇ؟ بۇ شەكىلدىكى سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن خىتاينىڭ تەسىرى كۈچىنى توغرا مۆلچەرلەش ۋە خەلقئارالىق تۈزۈمنىڭ مېخانىزملىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش كېرەك. بۇ ماقالىنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەقسەتلىرىنىڭ بىرى يۇقىرىقى سوئاللارغا مەلۇم دەرىجىدە جاۋاب بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئەتراپلىق تەتقىقاتلارنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىشتۇر.

## ENDNOTES


1 Yuan Li and Markus Taube, “The Implications of the ‘Belt and Road Initiative’on Globalization and Inclusive Growth for the Eurasian Continent,” Journal of Chinese Economic and Business Studies 16, no. 3 (2018): 233–40.

2 Shahar Hameiri and Lee Jones, “China Challenges Global Governance? Chinese International Development Finance and the AIIB,” International Affairs 94, no. 3 (2018): 573–93.

3 Lina Benabdallah, “Contesting the International Order by Integrating It: The Case of China’s Belt and Road Initiative,” Third World Quarterly 40, no. 1 (2019): 92–108.

4 Quan Li and Min Ye, “China’s Emerging Partnership Network: What, Who, Where, When and Why,” International Trade, Politics and Development, 2019.Q. Li and Ye 2019

5 Pádraig Carmody, Niheer Dasandi, and Slava Jankin Mikhaylov, “Power Plays and Balancing Acts: The Paradoxical Effects of Chinese Trade on African Foreign Policy Positions,” Political Studies 68, no. 1 (2020): 224–46.

6 Scott Wingo, “Conditionality with Chinese Characteristics: Diplomatic Businesspeople, Business - Minded Governments, and Development Finance,” n.d.

7 Ian Tsung - yen Chen, “China’s Status Deficit and the Debut of the Asian Infrastructure Investment Bank,” The Pacific Review 33, no. 5 (2020): 697–727.

8 Hameiri and Jones, “China Challenges Global Governance? Chinese International Development Finance and the AIIB.”

9 Seçkin Köstem, “Turkey and the Asian Infrastructure Investment Bank: Economic Pragmatism Meets Geopolitics,” Global Policy, 2019, https://doi.org/10.1111/1758 - 5899.12741.

10 Nandini Gupta and Xiaoyun Yu, “Does Money Follow the Flag?,” Available at SSRN 1316364, 2007.

11 Erik Voeten, “Clashes in the Assembly,” International Organization, 2000, 185–215.

12 Samuel Brazys and Diana Panke, “Why Do States Change Positions in the United Nations General Assembly?,” International Political Science Review 38, no. 1 (2017): 70–84.

13 Michael A Bailey, Anton Strezhnev, and Erik Voeten, “Estimating Dynamic State Preferences from United Nations Voting Data,” Journal of Conflict Resolution 61, no. 2 (2017): 430–56.

14 Cheng - Chwee Kuik, “How Do Weaker States Hedge? Unpacking ASEAN States’ Alignment Behavior towards China,” Journal of Contemporary China 25, no. 100 (2016): 500–514.

15 Gongyan Yang et al., “Money Talks?: An Analysis of the International Political Effect of the Chinese Overseas Investment Boom,” Review of International Political Economy, 2020, 1–29.

16 Samuel Brazys and Alexander Dukalskis, “Canary in the Coal Mine? China, the UNGA and the Changing World Order,” Review of International Studies 43, no. 4 (2017): 742–64.

17 Pang Xun and Wang Shuai, “The International Political Significance of Chinese and US Foreign Aid: As Seen in United Nations General Assembly Voting,” Social Sciences in China 39, no. 1 (2018): 5–33.

18 Abulaiti Abudula, “Chinese Foreign Aid and the Unga Voting Patterns of the Recipients,” 2018.

19 J Lawrence Broz, Zhiwen Zhang, and Gaoyang Wang, “Explaining Foreign Support for China’s Global Economic Leadership,” International Organization 74, no. 3 (2020): 417–52.

20 يۇقىرىدىكى تۆت كاتېگورىيىدىكى دۆلەتلەر مۇئامىلە گۇرۇپپىسى، سىرتىدىكى دۆلەتلەر بولسا كونترول گۇرۇپپىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مۇئامىلە ۋە كونترول گۇرۇپپىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، مەلۇم كاتېگورىيىگە تەۋە بولۇشنىڭ، دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن تېخىمۇ يېقىنلىشىشىغا سەۋەب بولۇپ بولمايدىغانلىقىنى ئېنىقلاش مۇمكىن.

21 Rajeev H Dehejia and Sadek Wahba, “Propensity Score - Matching Methods for Nonexperimental Causal Studies,” Review of Economics and Statistics 84, no. 1 (2002): 151–61.

22 سانلىق مەلۇماتلارنىڭ مەنبەلىرى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇلانمىلارغا قارالسۇن

Broz et al. (2020) at *https://dataverse.harvard.edu/dataset.xhtml?persistentId=doi:10.7910/DVN/EFA6HG*; Bailey, Strezhnev and Voeten (2017) at: *https://dataverse.harvard.edu/dataset.xhtml?persistentId=hdl:1902.1/12379*; Reinhart and Rogoff (2011), updated to 2016 at: *https://www.hbs.edu/behavioral - finance - and - financial - stability/data/Pages/global.aspx*; Polity IV. *http://www.systemicpeace.org/inscrdata.html*

# ۋەھىمە كۇلتۇرى

**ئادىلجان ئەرئۇيغۇر**

ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىسى.

E-mail: eweting@gmail.com

ئاساسىي مەزمۇنى: ئىنساننىڭ تەبىئىي تۇيغۇلىرىدىن بىرى بولغان قورقۇش ۋە ۋەھىمە، ناۋادا كۈچ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىنساننىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىگە، چۈشەنچىسىگە، قىممەت- قارىشىغا، نورمىلىرىغا، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىگە، ھەتتا دۇنيا قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن ياشاش پەلسەپىسىگە ياكى شەكلىگە ئايلانسا، بۇ يەردە ۋەھىمە كۇلتۇرىدىن ئىبغىز ئاچقىلى بولىدۇ. ئىنساننىڭ روھى، جىنى، ئىچكى دۇنياسى، جەۋھىرى ۋە مەنىۋىيىتى ئەمەس، بەلكى نوقۇل تاشقى دۇنياسى، يۈزى، ئىجتىمائىيلىقىلا ئاساس قىلىنىدىغان ۋەھىمە كۇلتۇرىدە زورلاش، تەسىر قىلىش، مۇكاپات ۋە جازا، بېسىم، بېقىندىلىق، نوپۇز، كونترول قىلىش ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكى بولغان كۈچ، ھەممىدىن بەك ئېتىبار بېرىلىدىغان ئەڭ چوڭ قىممەت دەپ قارىلىدۇ. كۈچنى مەركەز قىلغان ۋەھىمە كۇلتۇرىنىڭ ئىككى قۇتۇپلۇق مۇناسىۋەت شەكلى بويىچە ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى تەرەققى قىلدۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قاراشقا ئاساسلىنىپ يېزىلىدىغان بۇ ماقالىدە، قورقۇش ۋە ۋەھىمەنىڭ پىسخىكىلىق، فىزىئولوگىيەلىك، ئىجتىمائىي تەرەپلىرى، كۇلتۇر ۋە كۈچنىڭ ئېنىقلىمىسى، قورقۇش ۋە ۋەھىمىنىڭ كۇلتۇردىكى فۇنكسىيەسى، ۋەھىمە ۋە قورقۇشنىڭ كۈچ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى،شۇنداقلا ۋەھىمە كۇلتۇرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىپادىلىرى بايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ۋەھىمە ۋە قورقۇش، كۇلتۇر، كۈچ، ۋەھىمە كۇلتۇرى

## مۇقەددىمە

قورقۇش تەبىئىي ۋە ئىنسانىي بىر تۇيغۇ بولۇپ، ئىنسان ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ بىر شەرتىدۇر. ئىنسان ئۆزىگە ناتونۇش، بىلمەيدىغان، سەۋەبىنى چۈشەنمەيدىغان، ئىزاھلىيالمايدىغان ياكى چۈشىنەلمىگەن نەرسىلەردىن قورقىدۇ. بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ گۈلدۈرماما، چاقماق چېقىش قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن قورقۇشىنىڭ سەۋەبىنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن ئىنسان، بۇ قورقۇشتىن قۇتۇلغانىدى[1]. كۈندىلىك ھاياتتا قورقۇش ياكى ۋەھىمە ھەممە ئادەم دۇچ كېلىدىغان نورمال تۇيغۇدۇر. ھەر ئىنسان بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بەزى قورقۇشلار بار بولۇپ، ھەر قانداق بىر خەتەر، يات جىسىم ياكى تەھدىتتىن قورقۇش، ئۆلۈمدىن قورقۇش، دۈشمەندىن قورقۇش، كۈچلۈكلەردىن قورقۇش، ئىشتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇش، ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي گەۋدىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇش، مودىغا ماسلىشالماسلىقتىن قورقۇش، مال-مۈلۈكتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇش، ھاكىمىيەتتىن قورقۇش ۋە ئۇتتۇق قازىنالماسلىقتىن قورقۇش دېگەندەك. بۇلارنىڭ بەزىلىرى پسىخولوگىيەلىك جەھەتتىن قورقۇش بولسا، بەزىلىرى ئىجتىمائىيلىقتىن يەنى جەمئىيەتتىن كەلگەن قورقۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇ قورقۇش ياكى ۋەھىمەلەرنىڭ ئىنساننىڭ نورمال ئىش-ھەرىكەتلىرىگە پەرقلىق شەكىل ۋە دەرىجىدە تەسىرلىرى بولىدىغانلىقى شەكسىزدۇر.

ۋەھىمە ۋە قورقۇش يەنە ئىنساننىڭ ئۆز چۈشەنچىسى سەۋەبىدىنمۇ پەيدا بولىدىغان بىر خىل تۇيغۇ بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۆز چۈشەنچىسىدە «خەتەر ۋە تەھدىتلەر» بولسا ئىنسان بۇلارغا قورقۇپ ئىنكاس قايتۇرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئوخشاش ئەھۋال ياكى ھادىسىلەرگە دۇچ كەلگەن ئىنسانلار ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنى قايتۇرىدۇ. لېكىن ۋەھىمە ۋە قورقۇش مەيلى ئەندىشە سەۋەبلىك كېلىپ چىققان بىنورماللىق دەپ قارالسۇن، مەيلى ئادەتتىكى بىر پسىخىكىلىق تەسىر دەپ قارالسۇن، كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تەسىرلىرى تۈپەيلى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا ساقايتىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىز ياكى يارىلارنى قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئىجتىمائىي نۇقتىدىن ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ پاسسىللىرىنى قورقۇش ۋە ۋەھىمە سىزىدۇ. بۇ «سەن-مەن» چۈشەنچىسى شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغان بولۇپ، بارلىق مۇناسىۋەت تورىنى بەلگىلەيدۇ[2]. بۇ ئىككى قۇتۇپلۇق مۇناسىۋەت شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساندىكى تۇغۇلغاندىن باشلاپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدىغان قورقۇش تۇيغۇسى، ئائىلىدە ئاتا-ئانىدىن، مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلاردىن، كوچىلاردىن باشقىلاردىن، چوڭ بولغاندا ئىش ئورنىدىكى باشلىقلاردىن، دىكتاتور دۆلەتتە ياشاپ قالسا دۆلەت سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئائىلە، مەكتەپ ۋە باشقا ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەردە كۈچلۈكلەر يەنى ئائىلىدە ئاتا-ئانا، سىنىپتا ئوقۇتقۇچىلار، سىرتتا ئىجتىمائىي سالاھىيەتتە يۇقىرى ئورۇندىكىلەر، ئىش ئورنىدا خوجايىنلار، سىياسىي جەھەتتە دۆلەت قاتارلىقلارنىڭ ھەر ۋاقىت ھەقلىق ۋە يوللۇق ئىكەنلىكى، بۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئاجىزلارنىڭ بولسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بارلىقى، ئىتائەت قىلمىغۇچىلارنىڭ جازالاندۇرۇلىدىغانلىقى، قىسقىسى كۈچ ۋە ۋەھىمىنى ئاساس قىلىدىغان دۇنيا قارىشى ياكى كۇلتۇر شەكلى ۋەھىمە كۇلتۇرى دەپ قارىلىدۇ[3]. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ۋەھىمە كۇلتۇرى مەلۇم بىر ئىش-ھەرىكەتنى ۋەھىمە، ئەندىشە، قورقۇشقا

ئوخشاش تۈيغۇلار بىلەن قىلدۇرغان كۈلتۈرنى كۆرسىتىدۇ[4]. ۋەھىمە كۈلتۈرىدە مەيلى كۈچلۈكلەر بولسۇن مەيلى ئاجىزلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئورتاق ھەرىكەت نۇقتىسى قورقۇش ۋە ۋەھىمە بولۇپ، كۈچ ئەڭ كۆپ ئېتىبار بېرىلىدىغان، ھەتتا چوقۇنىلىدىغان ئامىلدۇر، كۈچ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى، قائىدە-يوسۇن ۋە قانۇنلارنىڭ دائىرىسىنى، ھەقىقەتنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى، كىمنىڭ نېمىگە قانداق ئىشىنىشى لازىملىقىنى، قىسقىسى ئىنساننىڭ قانداق ياشىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ.

بۇ ماقالىدە ۋەھىمە كۈلتۈرىگە ئىزاھات بېرىلگەندىن سىرت، ۋەھىمە كۈلتۈرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىپادىلىرى بايان قىلىنىدۇ.

## 1. ۋەھىمە ياكى قورقۇش

ۋەھىمە ياكى قورقۇش ئىنسانىي بىر تۈيغۇ بولۇش سۈپىتى بىلەن پسىخولوگىيەلىك، ئىجتىمائىي قۇرۇلما نۇقتىسىدىن جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئىشلىتىلىدىغان بىر ئۇقۇمدۇر. ماننونى (1992) قورقۇش ۋە ۋەھىمىنى سۆيۈنۈش، ئاشىق، ئەندىشە ۋە سەسكىنىش قاتارلىق ئىنسانىي تۈيغۇلاردىن بىرى دەپ قاراپ، پسىخولوگىيەلىك ۋە فىزىئولوگىيەلىك ساھەگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ياقلايدۇ. قورقۇش ۋە ۋەھىمە پسىخولوگىيەلىك جەھەتتە كۈتۈلمىگەن ۋە تەخمىن قىلىنمىغان ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەن ئىنسانلارنى زېھنىي جەھەتتە ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان مېخانىزم، ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ تەھدىت دەپ قارىلىشى بىلەن ھاسىل بولىدىغان، ۋەھىمە ۋە قورقۇشقا دۇچ كەلگەن ئىنساندا كۆرەش قىلىش ياكى قېچىش تۈيغۇسى پەيدا قىلىدىغان ھېسسىي ئىنكاس دەپ ئىزاھلىنىدۇ. قورقۇش ۋە ۋەھىمىنىڭ فىزىئولوگىيەلىك تەسىرلىرىنى ئىنسانلار تەجرىبىلىرى بىلەن ئۆگىنىدىغان بولۇپ، بۇلار يۈرەكنىڭ تېز سوقۇپ كېتىشى، سوغۇق تەرلەش ۋە چۆچۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت[5].

جانلىقلاردىكى قورقۇش بىر نەرسىنىڭ خەتىرىدىن ساقلىنىش ۋە قوغدىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ نورماللىقتىن ئېشىپ كەتكەن شەكلى بولسا بىنورماللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قورقۇش ۋە ۋەھىمە كونتروللۇقتىن چىققاندا بۇ تۈيغۇ ئىنساننى ئەسىرگە ئېلىۋالىدۇ. مەسىلەن: ئېگىزدىن قورقۇش، قاراڭغۇدىن قورقۇش، ئىتتىن قورقۇش، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قورقۇشقا ئوخشاش.

مېڭە قورقۇش ۋە ۋەھىمىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسلەتكۈ ۋە تەجرىبىلەرنى ئادەتتىكى ئەسلەتكۈ ۋە ئەھۋاللاردىن پەرقلىق ھالدا، خاتىرىدىن ئۆچۈرۈلۈپ كەتمەيدىغان فورماتتا يىغىپ ساقلاپ ماڭىدۇ. قورقۇش ۋە ۋەھىمىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ خاتىرىلەرنىڭ مىقدارى كۆپەيسە، ئىنساننىڭ مەنتىقىلىق تەپەككۇر ۋە مۇھاكىمە قابىلىيىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ نورمال ھەرىكەت قىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. قورقۇش پەيدا قىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئۇنىڭ نورمال فىزىكىلىق تەسىرى « ھېسسىي خاتىرە » شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ قورقۇشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان خاتىرە ياكى ئەس بولسا مەنتىقىلىق ۋە ئۇچۇق خاتىرىدىن پەرقلىقتۇر. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى، ئىنسانلار ۋە ھايۋانلاردا ھېسسىي خاتىرىنىڭ نىسپىي بولسىمۇ مۇقىم ھالەتتە بولۇشىدۇر. لېكىن مەنتىقىلىق خاتىرە بولسا ئاسان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بەك قورقۇپ كېتىپ

ۋەھىمە ۋە تەشۋىشتە قالغان كىشىلەرنىڭ ھېسسىي خاتىرىسى مەنتىقىلىق خاتىرىسىگە قارىغاندا بەكرەك كۈچلۈك بولىدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ۋەھىمە ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ھېسسىي خاتىرىسى مەنتىقىلىق خاتىرىسىگە قارىغاندا بەكرەك ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. قورقۇش مېڭىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى ئامىگدال دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىر يەرگە يىغىلىدۇ. ئامىگدال ھەرىكەتكە ئۆتكەندە، دەرھال ئىنكاس قايتۇرىدۇ. سىگناللار ئامىگدالدىن مېڭە سېپىغا قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ. مېڭە سېپى بولسا مېڭىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي قىسمى بولۇپ، خالانمىغان قورقۇشلارنى نازارەت قىلىدۇ، قورقۇش ۋە ۋەھىمە ئىنساننىڭ كىچىك مېڭىسىدە جەريان قىلسا، ئەقىل ۋە بىلىم ئىنساننىڭ چوڭ مېڭىسىدە جەريان قىلىدۇ[6]. قىسقىسى، قورقۇش ئىنساننىڭ تۇيغۇسىغا، ئىنسان مېڭىسىنىڭ ئىپتىدائىي قىسمىدىكى ھېسسىي خاتىرىسىگە خىتاپ قىلسا، بىلگى ياكى بىلىم ئىنساننىڭ مەنتىقىلىق خاتىرىسىگە خىتاپ قىلىدۇ. قورقۇشنىڭ خاراكتېرى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بۇ ھادىسە ئىنسانلارنىڭ ۋەھىمىسى ۋە تەشۋىشىنى كۈچەيتىدۇ. قورقۇش ياكى ۋەھىمىنى ئاساس قىلىدىغان مۇناسىۋەت شەكلىدە ساغلام ئالاقە كۈتۈش تەس.

## 2. كۇلتۇر

جەمئىيەتشۇناسلار كۇلتۇرنى بىر جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش شەكلى سۈپىتىدە ئىزاھلىشىدۇ. دۇنياغا كەلگەن ھەر ئىنسان ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كۇلتۇرلىشىپ يەنى ئىجتىمائىيلىشىپ ماڭىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۇلتۇر جەمئىيەت ئەزالىرى پۈتۈن ھاياتى بويىچە ئۆگىنىپ ئۆز-ئارا ئورتاقلىشىدىغان ھەممە نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ قارىشىچە، ھەممە نەرسە كۇلتۇرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. دۇنياغا كەلگەن ھەر ئىنسان تىلىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، بالىلىق تەجرىبىلىرىنى،قائىدە-يوسۇنلارنى، دىنىنى، مەنىۋى قەدرىيەتلىرىنى، سۆيۈشنى، سۆيۈلۈشنى، نەپرەتلىنىشنى، قورقۇش ۋە ۋەھىمىنى بىر كۇلتۇر مۇھىتىدا ئەمەلىي تەجرىبىلىرى بىلەن ئۆگىنىدۇ. ئىنسانلار بۇلارنى ئۆزىگە شۇنچىلىك سىڭدۈرۈۋېتىدۇكى، ھاۋاغا ئوخشاش بولۇپ كېتىدۇ. يەنى ھاۋا ئىنساننىڭ نەپەس ئېلىشى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم بولسا، كۇلتۇرمۇ ئىنساننىڭ جەمئىيەتتە ياشىشى ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىمدۇر. كۇلتۇر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا ھەمبەھرلىنىدىغان قەدەرىيەتلەر (قىممەت-قاراشلار)، ئېتىقاد سىستېمىلىرى ۋە ئىشىنىشلەر (ساپ دىن ئەمەس، دىنى چۈشەنچىلەرنى كۆرسىتىدۇ)، سىمۋوللار ۋە ھەرىكەت قېلىپلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. كۇلتۇر بىر مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى، تۇرمۇش شەكىللىرى ۋە بۇلارغا دائىر تەرەققىياتلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شەخسنىڭ قەدەرىيەتلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى، نورمىلىرى، دۇنيا قارىشى، چۈشەنچە شەكلى قاتارلىقلار ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتنىڭ كۇلتۇر ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ تەسىرىگە بىۋاستە ئۇچرايدۇ[7].

كۇلتۇرنى تەشكىل قىلغان ئامىللار ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، ۋايت (1949) كۇلتۇرنىڭ ئامىللىرىنى ئىقتىساد ۋە تېخنولوگىيە، ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىدېئولوگىيە قاتارلىق ئۈچ نۇقتىغا

يىغىنچاقلايدۇ. بۇلارنى مەنە (چۈشەنچە)، ھەرىكەت ۋە تېخنىكا دەپمۇ ئىزاھلاشقا بولىدۇ. بەزىلەر كۈلتۈرنىڭ چۈشەنچە، زېھنىيەت ۋە مەنە تەرىپىگە بەكرەك مەركەزلىشىپ، كۈلتۈرنى ئىنسانلار ئۆزلىرى شەكىللەندۈرۈپ يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قائىدە-يوسۇنلار دەپمۇ ئىزاھلايدۇ. بۇ ماقالىدە كۈلتۈرنىڭ مۇشۇ تەرىپى ئاساس قىلىنىدۇ. يەنە بەزىلەر كۈلتۈرنىڭ ماددىي تەرىپىنى ئاساس قىلىپ ئىزاھلىشىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە، زېھنى ۋە چۈشەنچە قۇرۇلمىلىرى، بۇلارنىڭ تۈرتكىسىدە شەكىللەنگەن قەدىرىيەت ۋە ئېتىقاد سىستېمىلىرى (ئىنسانلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىسى ياكى دۇنيا قاراش)، ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلىرى، ماددىي جەھەتتىن ئىنسانلار بارلىققا كەلتۈرگەن تېخنىكا ۋە مەھسۇلاتلار كۈلتۈر دائىرىسىگە كىرىدۇ. كۈلتۈرنىڭ ئامىللىرىدىن بىرى بولغان ئېتىقاد سىستېمىلىرى ياكى دۇنيا قاراش، ھەقىقەتنىڭ تەبىئىتى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلار، يەنى دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيا قاراش ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسىنىڭ ئىزاھلىنىشىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھەقىقەتلەرگە قانداق مەنە يۈكلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىسقىسى، شەخسىي ئالاھىدىلىكلەر بىلەن كۈلتۈر قەدەرىيەتلىرىنىڭ بىرلەشمىسى ھېسابلىنىدۇ[8]. نوپۇزلۇق تۈرك پسىخولوگ دوغان جۈجەلئوغلۇ ئىنساننىڭ بارلىق ھەرىكىتىنىڭ تېگىدە كۈلتۈر ياتىدۇ، كۈلتۈر دۇنيا قاراشتىن ئىبارەت[9] دەيدۇ. ئېتىقادلار ياكى دۇنيا قاراش نىمىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىسا، قەدەرىيەتلەر ياكى قىممەت قاراش نىمىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقىنى ئىزاھلايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قەدەرىيەتلەر نىمىنىڭ خاتا، نىمىنىڭ توغرا، نىمىنىڭ ياخشى، نىمىنىڭ رەزىل، نىمىنىڭ گۈزەل،نىمىنىڭ سەت ئىكەنلىكىنى ئۆلچەشتە ئىشقا يارايدۇ. قەدەرىيەتلەر ئېتىقاد ياكى دۇنيا قاراشقا ئاساسەن شەكىللىنىدۇ. ئېتىقادىي چۈشەنچە ۋە دۇنيا قاراش كۈلتۈرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن قەدەرىيەتلەر ئابستراكت نەرسىلەر بولۇپ، سىرتتىن كۆزىتىش تەستۇر، ئۇنى پەقەت ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىچىدە ھېس قىلغىلى بولىدۇ. قىسقىسى، قەدەرىيەتلەر بىر كۈلتۈردە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۇنىڭغا ئاساسەن ئىش قىلىنىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ[10]. دوغان جۈجەلئوغلۇ ۋەھىمە كۈلتۈرى ناملىق كىتابىدا ۋەھىمە كۈلتۈرىدە ئەڭ ئەھمىيەت بېرىلىدىغان نەرسىنىڭ-جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا- ئەڭ مۇھىم قەدرىيەتنىڭ كۈچ ئىكەنلىكىنى دەيدۇ[11]. كۈلتۈرنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بولغان نورمىلار بىر جەمئىيەتتە شەخسنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، قەدەرىيەتلەرگە ئاساسەن شەكىللىنىدىغان غەيرى يازما يەنى ئاغزاكى قائىدە-يوسۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. نورمىلار بىلەن قەدەرىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق پەرق بولسا، قەدەرىيەتلەر بەكرەك ئابستراكتلىق ئۇقۇملاردىن تەشكىل تاپسا، نورمىلار ئېنىق ۋە يول كۆرسىتىدىغان كونكرېت بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. قەدەرىيەتلەر ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزگە رەھبەرلىك قىلىدىغان پرىنسىپلاردىن تەشكىل تاپىدىغان بولسا، نورمىلار مەلۇم ۋە كونكېرت شارائىتتا قانداق ھەرىكەت قىلىش لازىملىقى ھەققىدە شەخستىن كۈتۈلىدىغان تەلەپ ۋە ئىستەكلەردۇر[12]. سىمۋوللارمۇ كۈلتۈرنىڭ ئامىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىنسانلارغا نىسبەتەن بىر مەنە ئىپادىلەيدىغان ھەرىكەت، ئىشارەت، رەڭ، ئوبيېكت ۋە بەلگە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. سىمۋوللار بىر كۈلتۈر ئىچىدە دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان ئامىل

بولۇپ، كۈلتۈر ماكرو جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر سىمۋوللار سىستېمىسى ھېسابلىنىدۇ. تىل بىر كۈلتۈردىكى ئەڭ غول سىمۋول بولۇپ، ئۇ ئەڭ مۇكەممەل سىمۋوللار سىستېمىسى ھېسابلىنىدۇ[13].

### 1.2 ۋەھىمە ۋە قورقۇشنىڭ كۈلتۈردىكى فۇنكسىيەسى

كۈلتۈر جەھەتتىن ۋەھىمە ۋە قورقۇش ئىجتىمائىي ئىتائەت، كونترول ۋە نازارەت ۋاستىسى بولۇپ، مۇئەييەن بىر فۇنكسىيەسى بار. بۇنىڭغا ئاساسەن، شەخستىن ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي سالاھىيەتتىكى بەزى شەخس، بەزى قائىدە-يوسۇن، ئەدلىيە ئورۇنلىرى، ھەتتا دۆلەت قاتارلىقلاردىن قورقۇشى تەلەپ ۋە شەرت قىلىنىدۇ. شۇڭا، شەخس ھاياتىنىڭ بېشىدىن باشلاپلا نېمىلەردىن قورقۇش لازىملىقىنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. قورقۇش ياكى ۋەھىمە بىلەن ئىجتىمائىيلىشىش ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مۇناسىۋەت بار بولۇپ، شەخس قورقۇش ۋە ۋەھىمىنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا ئۆگىنىدۇ. ئۆزگىچە نائېنىق نۇرغۇن نەرسىدىن قورققان تۇنجى ئىنسانغا نىسبەتەن ئىجتىمائىيلىشىش، ۋەھىمە، تەشۋىش، ئەندىشە ۋە قورقۇشلىرىنى يېنىكلىتىش، ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ھېسابلىناتتى[14]. لېكىن ئىنساننىڭ ۋەھىمىلىرىدىن قۇتۇلۇشىغا پايدىسى تېگىدىغان ئىجتىمائىيلىشىش مۇساپىسى يېڭى ۋەھىمىلەرنىڭمۇ مەنبەسىدۇر. ئىنسانىيەت تارىخى قورقۇش ۋە ۋەھىمىنىڭ كۈلتۈر جەھەتتىكى ئىپادىلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، ھاكىممۇتلەق، مۇستەبىت، فاشىست ھاكىمىيەتلەر ۋەھىمە ۋە قورقۇشنى خەلقنى باشقۇرۇش ۋە ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇشتا ئەڭ كۈچلۈك قورال سۈپىتىدە ئىشلەتكەن، كونىمىزدىمۇ ۋەھىمە ۋە قورقۇش سىياسىي ھاكىمىيەت بولۇپمۇ مۇستەبىت ۋە ھاكىممۇتلەق ھاكىمىيەتلەرنىڭ خەلقنى باشقۇرۇش، ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ ۋاستىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. ئوخشاشلا ۋەھىمە ۋە قورقۇش بىر جەمئىيەت، بىر مەكتەپ، بىر گۇرۇپپا ياكى بىر دىنى ئېتىقاد مەزھەپلىرىدە ئىتائەت ۋە كونترولنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىر ۋاستە سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەكتە[15].

ۋەھىمە كۈلتۈرى ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەدە بارلىقى ئوچۇق ئاشكارا تىلغا ئېلىنمايدىغان، لېكىن يوشۇرۇن تەرىقىدە نوپۇزىنى قوغدايدىغان كۈلتۈر بولۇپ، بىر ياشاش پەلسەپەسىدۇر. بۇ كۈلتۈردە كۈچلۈك ۋە ئاجىزدىن ئىبارەت ئىككى خىل قۇتۇپ بار بولۇپ، قورقۇلىدىغان بىر كۈچ بولمىسا ئىنسانلار ۋە قائىدە-يوسۇنلار ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەلۇم بىر مۇھىتتا ۋەھىمە ۋە قورقۇش بولسا بۇ ۋەھىمە ۋە قورقۇشنىڭ مەنبەسىگە ھۆرمەت قىلىنىدۇ، ئەگەر شۇ مۇھىتتا ۋەھىمە ۋە قورقۇش بولمىسا ئىنساننىڭ قىممىتى بولمايدۇ، قائىدە-يوسۇنلارغا رىئايە قىلىنمايدۇ، ھەقىقەت، ئادالەت، پرىنسىپ، ھەققانىيەت قاتارلىقلارنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئىنساننىڭ روھى، جېنى، ئىززىتى، ئۆزگىچىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ، يۈزىگىلا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بۇ كۈلتۈردە مۇھىم بولغىنى كۈچتۇر[16].

### 2.2 كۈچ

كۈچنى ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئىككى جانلىق بار يەردە چوقۇم كۈچ مۇناسىۋىتى بولىدۇ[17]. نوپۇزلۇق جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبېر كۈچنى ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى بىر كىشىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولۇشتىن ۋە قانچىلىك قارشىلىق كۆرسىتىلىشتىن قەتئىينەزەر ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكى

دەپ تەبىرلەيدۇ. ۋىبېر يەنە كۈچكە بىر ياكى بىردىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەت جەريانىدا، بۇ ھەرىكەتتىن ئورۇن ئالغان باشقا كىشىلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قارىماي، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پۇرسىتى دەپمۇ ئېنىقلىما بېرىدۇ. كانتېر كۈچنى بىر كىشىنىڭ نىشان ۋە مەقسىتى ئۈچۈن لازىملىق نەرسىلەرگە ئېرىشىشى، ئىمكانىيەت ۋە ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىشى ۋە بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى دەپ ئىپادىلەيدۇ. دافت كۈچنى بىر ئىجتىمائىي گەۋدە ئىچىدە بىر كىشىنىڭ ياكى بىر گۇرۇپپىنىڭ نەتىجە ۋە مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن باشقا كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىش قابىلىيىتى دەپ تەرىپلەيدۇ[18]. كۈچنىڭ ماھىيىتىگە قارايدىغان بولساق، كۈچنىڭ مۇناسىۋەت خاراكتېرلىك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز، يەنى بىر كىشىنىڭ كۈچىنىڭ ئۆز ئالدىغا ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ، پەقەت باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلگەندە (ئا كىشى ب كىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئەھۋالدا) مەنىسى ۋە قىممىتى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال كۈچنىڭ مۇقەررەرلىك ۋە شەرتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولۇپ، كۈچتىن ئېغىز ئېچىش ئۈچۈن ئەڭ ئاز ئىككى كىشى ياكى ئىككى جانلىق بولۇش شەرتتۇر ۋە كۈچ بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن پەيدا بولىدۇ. كۈچكە پاراللېل ھالدا چۈشەنچە، تەسىر، قابىلىيەت، مۇناسىۋەت، تەۋەلىك، بېقىندىلىق، زورلاش، بېسىم، مۇكاپات، جازا قاتارلىق ئۇقۇملارنىمۇ بىرلىكتە چۈشىنىش كېرەك. مەسىلەن: بىر كىشىنىڭ كۈچىنىڭ بار ياكى يوقلىقى قارشى تەرەپنىڭ چۈشەنچىسىگە باغلىق. كۈچ شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قابىلىيىتىنى مەلۇم بىر مۇناسىۋەت تورىدا ئىشلىتىشىنى ياكى ئىشلىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا بىر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىچىگە كىرمىگەن بىرىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ[19]. ئىنسانلار كۈچكە ئېرىشىش ياكى باشقىلارغا كۈچىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەسىر ياكى تەسىر كۆرسىتىش ئامىلىدىن پايدىلىنىدۇ. چۈنكى تەسىر كۆرسىتىش ئەڭ كۈچلۈك قورالدۇر. تەسىر بولسا تەسىر قىلىنغان تەرەپتە ئىنتائەت قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ياكى بىر پۈتۈنلىشىپ كېتىش تەرىقىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر تەسىر كۆرسىتىش بۇ ئۈچ ئەھۋالدىن بىرى بىلەن نەتىجىلەنگەن بولسا، تەسىر قىلغۇچى تەرەپ تەسىر قىلىنغۇچى تەرەپكە نىسبەتەن كۈچلۈك ئورۇنغا ئۆتكەن بولىدۇ. كۈچنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى باغلىنىش ياكى بېقىندىلىقتۇر. ب تەرەپنىڭ ئا تەرەپكە بولغان بېقىندىلىقى كۈچەيگەنسېرى، ئا تەرەپنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكى نايامەن بولىدۇ. ئا تەرەپنىڭ كۈچى ب تەرەپنىڭ چۈشەنچىسىگە ۋە ئا تەرەپنىڭ كۈچ دائىرىسىدىكىلەرنىڭ ب تەرەپكە نىسبەتەن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىگە باغلىق. كۈچ ماھىيەت جەھەتتىن غەيرى سىممېترىك ئۇقۇم بولغاچقا، شەخس بىر مۇكاپاتنى بىرسىدىن قايتۇرۇپ ئالسا، يەنە بىرسىنى جازالاندۇرىدۇ. چۈنكى كۈچنىڭ مەنبەسى يەككە تەرەپلىك بېقىندىلىقتۇر. چۈنكى ئۆز ئارا ھەمكارلىق (قوش تەرەپلىك بېقىندىلىق) ۋە تەڭ سەۋىيەدىكى قۇۋۋەتلەرنىڭ ئۆز-ئارا ئالاقىسى كۈچسىزلىكنىڭ بېشارىتىدۇر[20].

كۈچ مۇناسىۋەتلىرى ئىنسانىيەت تارىخىغا ئوخشاشلا كونا ئۇقۇمدۇر. يۇقىرىدا دېگەندەك كۈچ مۇناسىۋەتلىرىدىن ئېغىز ئېچىش ئۈچۈن ئەڭ ئاز ئىككى كىشىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ئېھتىياج بار. كۈنىمىزگىچە كەلگەن تارىخىي مۇساپىسىدە ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەسىدە ياكى كۈچ ياكى كۈچكە مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملارنىڭ

رول ئوينىغانلىقىنى بىمالال ئېيتقىلى بولىدۇ. ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىجتىمائىي، دىنىي، سىياسىي ۋە قانۇنىي ساھەلەردە ئەڭ ئىپتىدائىي گۇرۇپپىلاردىن قەبىلىلەرگىچە، شەھەر دۆلەتلىرىدىن، فېئودال تۈزۈم، ئىمپېرىيەلەر ۋە مىللىي-ئۇلۇس دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغىچە، كۈنىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھادىسىلەرگىچە بولۇپ ھەر ساھەدە كۈچ مۇناسىۋەتلىرى ۋە بۇنىڭ نەتىجىلىرىگە شاھىت بولىمىز. شۇنداقلا كۈچنىڭ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىن، ئائىلە ھاياتىغىچە، گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىن خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگىچە بولغان ھەر ساھە ۋە ھەر مەسىلىدىمۇ ئوخشىمىغان ئىپادىلىرىنى، مەنبەلىرىنى ۋە بۇنىڭغا قارىتا مەيدانغا كەلگەن شەخس ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ پوزىتسىيەلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلىرىنى ئۇچرىتىمىز. ئەمەلىيەتتە كۈچنىڭ تارىخى ئۇرۇش بىلەن تىنچلىقنىڭ، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىكنىڭ، بايلىق بىلەن نامراتلىقنىڭ، ئىتائەت بىلەن ئىسياننىڭ، مۇستەقىللىق بىلەن بېقىندىلىقنىڭ، مۇستەملىكە بىلەن ئازادلىقنىڭ، ئۆلۈم بىلەن ياشاشنىڭ تارىخىدۇر[21]

بىر جەمئىيەتتە بىر شەخسنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئورنىنىڭ قانداق بولۇشى، ئۇ شەخسنىڭ مۇشۇ ساھەلەردە قايسى خىل سالاھىيەتتە بولۇشىغا باغلىق، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇ شەخسنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا باغلىق. نوپۇزلۇق جەمئىيەتشۇناس بوردىئو دېگەندەك، بىر شەخسنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي سەرمايىسى قانچە كۈچلۈك بولسا، ئۇ شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە باشقا ئىش-ھەرىكەتلەردىكى يېتەكچىلىك ۋە كونترول قىلىش رولى شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ.

كۈچ مەركەز قىلىنىدىغان ۋەھىمە كۈلتۈرىدە بارلىق مۇناسىۋەت تورىنى بەلگىلەيدىغان «سەن-مەن»شەكلىدىكى ئالاقە بولغاچقا، كۈچلۈك ئورۇندىكىلەر ھەر ۋاقىت ئاجىز ئورۇندىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىستەك-خاھىشلىرىنى قولىدىكى بارلىق ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ. «سەن ۋە مەن» شەكلىدىكى بۇ مۇناسىۋەت شەكلى كۈچ نۇقتىسىدىن مەنسۇپ قىلغۇچى ۋە مەنسۇپ بولغۇچى، تەۋە قىلغۇچى ۋە تەۋە قىلىنغۇچى، بېقىندۇرغۇچى ۋە بېقىنغۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى ۋە ئىتائەت قىلىنغۇچى ياكى كۈچلۈكلەر ياكى ئاجىزلار شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت شەكلى سەلبىي پوزىتسىيە ۋە خاھىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر جەمئىيەت ئۆز ئەزالىرىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرغاندا مۇنداق ئىككى خىل يولنى تۇتۇشى مۇمكىن، بىرىنچىسى سۆيگۈ بولۇپ، بارلىق قائىدىلەر-بەلگىلىمىلەر، پرىنسىپلار ۋە مىزانلار ئىنسانغا خىزمەت قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، قورقۇتۇش، تەھدىت، زوراۋانلىق ۋە ۋەھىمە ئارقىلىق ھەممە نەرسە كۈچكە خىزمەت قىلدۇرۇلىدۇ[22].

### 3.2 ۋەھىمە كۈلتۈرىدە ئىنسان

ۋەھىمە كۈلتۈرى بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىنساننى قېلىپقا سېلىپ نازارەت ۋە كونترول قىلىپ كۈچكە ئىتائەت قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان كۈلتۈردۇر. بۇ ئونتولوگىيەلىك (ماھىيەتلىك) مەسىلە بولۇپ، ئىنسان ۋە ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىنساننى تەرىپلەش ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى، تەن ۋە روھ، پىسخىك ۋە ئىجتىمائىي، جان ۋە يۈز دېگەن ئۇقۇملار ئىشلىتىلىدۇ. دىن، پەلسەپە، ئىدېئولوگىيەلەر، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈملەردىمۇ ئىنسان تەبىئىتى مۇشۇ ئۇقۇملارنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىزاھلىنىدۇ.

ۋەھىمە كۈلتۈرىدە كۈچلۈكلەرگە نىسبەتەن ئاجىزلار «ئادەم» قىلىنىشى كېرەك، ئىسلاھ ئەمەس ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. بۇ كۈلتۈردە ئىنساننىڭ ئۆزى، جەۋھىرى، روھى، جېنى، مەنىۋىيىتى ئەمەس، يۈزى، ئىجتىمائىيلىقى، ماددىي تەرىپىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئىنساننىڭ يۈزى، ئىجتىمائىيلىقى ۋە ماددىي تەرىپى دېگەندە، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىدە رول ئوينايدىغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي سالاھىيىتى، كىملىكى ۋە ئورنى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى دەل ئىنساننىڭ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل سالاھىيەت ۋە كىملىكلىرى بەلگىلەيدۇ. ئىجتىمائىي ئورۇن ياكى كىملىك شەخسنىڭ جەمئىيەتتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى كۈچىگە ۋە نوپۇزىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. كۈچنى مەركەز قىلغان ۋەھىمە كۈلتۈرىدە ئىككى خىل ئىجتىمائىي ئىنسان تىپى مەۋجۇت بولۇپ، بۇنى «سەن» ۋە «مەن»، «كۈچلۈك ئىنسان» ۋە «ئاجىز ئىنسان»، «كونترول ۋە نازارەت قىلغۇچى»ۋە «كونترول ۋە نازارەت قىلىنغۇچى»، «ئىتائەت قىلدۇرغۇچى» ۋە «ئىتائەت قىلغۇچى»، «ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى» ۋە « ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى» ۋە «ئەزگۈچى» ۋە «ئېزىلگۈچى»، «بېقىندۇرغۇچى» ۋە «بېقىنغۇچى» دېگەن ئۇقۇملار بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن. بۇ مۇناسىۋەت شەكلىدە ئىجتىمائىي سالاھىيەتتە كۈچلۈك ئىنسان ئۆزىنى ئىجتىمائىي سالاھىيەتتىكى ئاجىز ئىنساننىڭ ئىگىسى، غوجىدارى ۋە ساھىبى دەپ قارايدۇ، قارشى تەرەپكە ئىسىم ۋە كىملىكنى ئۆزى بېكىتىپ بېرىدۇ، يەنى تەبىرلەيدۇ، قارشى تەرەپكە مۇشۇ خىل پوزىتسىيە بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. دۆلەت ۋە پۇقرا نۇقتىسىدىن پۇقرا ياكى خەلق دۆلەتنىڭ ئىگىسى ئەمەس، ئەكسىچە دۆلەت پۇقرا ياكى خەلقنىڭ ئىگىسىدۇر، ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىگە مەنىۋىي ۋە ماددىي جەھەتتىن زوراۋانلىق قىلىدىغان بىر ئەرنىڭ نەزىرىدىمۇ ئايالى ۋە پەرزەنتلىرى مالدىن قىلچە پەرقى يوق. مۇستەملىكىچىگە نىسبەتەنمۇ مۇستەملىكە قىلىنغۇچى مۇشۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ. چۈنكى بۇ مۇناسىۋەتتە كۈچلۈك تەرەپ دۆلەت، ئەر ۋە مۇستەملىكە قىلغۇچىدۇر. غوجىدار ياكى ساھىب قارشى تەرەپكە ھەرىكەت ۋە پائالىيەت قىلىش دائىرىسىنى، ئىمىلەرنى قىلىپ، ئىمىلەرنى قىلماسلىقنى، ئىمىلەرنى سۆيۈپ ئىمىلەرنى سۆيمەسلىكنى، ئىمىلەردىن قورقۇپ ئىمىلەردىن قورقماسلىقنى، ئىمىلەرنىڭ ھەقىقەت، ئىمىلەرنىڭ ئەمەسلىكىنى، قانداق ئويلاپ، قانداق ئويلىماسلىقنى، كىم بىلەن نىكاھلىنىپ، كىم بىلەن نىكاھلانماسلىقنى، ئىمىگە ئىشىنىپ، ئىمىگە ئىشەنمەسلىكنى ھەتتا قانداق ئىشىنىش كېرەكلىكىنى، ئىمىلەرنىڭ يالغان، ئىمىلەرنىڭ ئەمەسلىكىنى، قايسى قائىدە-يوسۇنغا رىئايە قىلىپ، قايسىسىغا رىئايە قىلماسلىق لازىملىقىنى، ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ پاسسىللىرىنى، قىسقىسى قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى بېكىتىپ بېرىدۇ. بۇلارغا رىئايە قىلسا مۇكاپاتلايدۇ، رىئايە قىلمىسا جازالايدۇ. ئىجتىمائىي سالاھىيەتتىكى كۈچلۈك ئىنسان قارشى تەرەپكە ياشاش، ئىشىنىش، سالاھىيەت ۋە باشقا ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئۆزىنىڭ بەرگەنلىكىنى دەيدۇ. قارشى تەرەپنىڭ ھېس-تۇيغۇسى، ئىمىنى ئويلايدىغانلىقىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھېس-تۇيغۇسى ۋە چۈشەنچىسىنىلا ئېتىبارغا ئالىدۇ. ۋەھىمە كۈلتۈرىدە ئەڭ ھۆرمەت قىلىنىدىغان ئىنسان ئەمەلىيەتتە ئەڭ قورقۇلىدىغان ئىنساندۇر. ۋەھىمە كۈلتۈرىدىكى ئائىلىدە گەپ ئاڭلايدىغان قۇلىقى يۇمشاق بالا ئەڭ ياخشى بالا دەپ قارالسا، دۆلەتكە ئەڭ سادىق پۇقرا ئەڭ ياخشى پۇقرا دەپ قارىلىدۇ. ئادالەت، ھەققانىيەت، ھەقىقەت، پرىنسىپ، قەدىرىيەت (قىممەت قاراش)، ھەق-ھوقۇق قاتارلىقلارمۇ كۈچنى ئىلكىدە تۇتقۇچىلار

تەرىپىدىن تەبىرلىنىپ كونترول ئاستىدىكىلەرگە تەقسىملىنىدۇ. ئۇلار بۇ قەدەرىيەتلەرنى نوپۇزى ۋە ئورنىنى ساقلاپ قېلىش، شۇنداقلا قارشى تەرەپنى كونترول قىلىش ۋە ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ.

بۇ خىل كۈچلۈك –ئاجىزلىق شەكلى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدا روشەن كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئائىلىدە ئاتا-ئانا كۈچلۈك پەرزەنت ئاجىز، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى كۈچلۈك ئوقۇغۇچى ئاجىز، ئىش ئورنىدا خوجايىن كۈچلۈك خىزمەتچى ئاجىز، قانۇن ئورۇنلىرىدا ساقچى، سوتچى ۋە تەپتىش كۈچلۈك لېكىن نورمال پۇقرا ئاجىز، سىياسەتتە دۆلەت كۈچلۈك خەلق ئاجىز دېگەندەك. بۇ خىل ئەھۋالدا ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەركىن ئىرادىسى بويىچە ھەرىكەت قىلالمايدۇ، مۇستەقىل قارار چىقىرالمايدۇ، كونترول ۋە بېسىم ئاستىدا بولىدۇ، ئۆزىنى نامايەن قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇ پەقەت مۇناسىۋەتنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى كۈچلۈك ئىنساننىڭ پوزىتسىيەسىگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ، شۇڭا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدىغان جەمئىيەتتە شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ئاجىز بولىدۇ. كىشىلىك خاراكتېرى سۇس بولىدۇ، ئاجىز ئورۇندىكى ئىنسانمۇ ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىجتىمائىي سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتىپ بولغۇچە كۈچلۈك ئىنساننىڭ نوپۇزىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشاشقا، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا، بۇيرۇقىنى ئورۇنداشقا تىرىشىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتە ئورتاق نۇقتا، كۈچ ۋە ۋەھىمە (قورقۇش)تۇر. كۈچلۈكلەر ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاجىزلارغا كۈچ ئىشلىتىپ ئۇلارنى قورقىتىش ئارقىلىق ۋەھىمە سالىدۇ. ئاجىزلارمۇ ھاياتتا قېلىش ۋە كېيىنچە پۇرسەت تاپسا كۈچلۈكلەر ئورنىغا ئۆتۈش ئۈچۈن ئىتائەت يولىنى تۇتىدۇ. ئوخشاشلا ئىجتىمائىي سالاھىيەتتە ئاجىز ئىنسانلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈچلۈك ئورۇنغا ئۆتكەندە يەنە شۇ ۋەھىمە كۈلتۈرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. كېلىن ۋاقتىدا قېيىنئانىسىدىن يەتكىچە خورلۇق تارتقان بىرىنىڭ، قېيىنئانا بولغاندا كېلىنىنى خورلىغىنىغا ئوخشاش.

ۋەھىمە كۈلتۈرىدە كۈچلۈكلەرنىڭ مۇ-ئەييەنلەشتۈرۈشىگە، ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئېرىشكەنلەر، قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىگە قىلغان تەڭسىز مۇئامىلىسىنى، زۇلۇملىرىنى ئۇنتۇشقا مايىل كېلىدۇ. ناۋادا يەنە شۇ كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن ئىجتىمائىي ئورنى ئۆستۈرۈلسە، تۈرلۈك ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلسە، كۈچلۈكلەرگە بولغان مايىللىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

ۋەھىمە كۈلتۈرىدە كۈچلۈك ئىنسان ۋە ئاجىز ئىنسان تىپى بولغىنىدەك، كۈچلۈك مىللەت ۋە ئاجىز مىللەت، كۈچلۈك جەمئىيەت ۋە ئاجىز جەمئىيەت، كۈچلۈك دۆلەت ۋە ئاجىز دۆلەت تىپلىرىمۇ بولىدۇ. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنى ۋەھىمە كۈلتۈرى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، بەلكىم بەزى سوئاللارغا جاۋاپ تاپقىلى بولۇشى مۇمكىن.

ۋەھىمە كۈلتۈرىدە ئاجىزلارلا قورقمايدۇ، كۈچلۈكلەرمۇ ئورنى ۋە نوپۇزىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن، ئاجىزلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلماسلىقىدىن قورقىدۇ. بۇ كۈلتۈردە زوراۋانلىق ئەڭ كۆپ مۇراجىئەت قىلىنىدىغان ۋاسىتىدۇر. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان زوراۋانلىق نوقۇل جىسمانىي جەھەتتىكى زوراۋانلىق بولماستىن، كەمسىتىش، خورلاش، ھاقارەتلەش، تۆۋەن چۈشۈرۈش، ئىززىتىگە داغ يەتكۈزۈش، تامغىلاش قاتارلىق

مەنىۋى جەھەتتىكى زوراۋانلىقنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

نوقۇل يۈزگىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان بۇ كۇلتۇردە يەنە «باشقىلار نېمە دەپ قالار؟» دېگەن خاھىش كۈچلۈكتۇر. زاغرا تىل بىلەن ئېيتساق، «يۈز ئۈچۈن ياشاش»تۇر. ئىجتىمائىي ئالاقىدە «يۈز» ھەقىقەتەن مۇھىم، لېكىن ئىنسان باشتا دېيىلگەندەك، «يۈز»دىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئىنساننىڭ ئۆزى، مەنىۋىيىتى، روھى ۋە جىسمىمۇ مۇھىمدۇر. «يۈز» ئۈچۈن ياشاش»نىڭ تېگىدە يەنە كۈچ ۋە ۋەھىمە ياتىدۇ. يۈز ئۈچۈن ياشاشتا ئاجىزلىقنى يوشۇرۇپ ئۆزىنى كۈچلۈك كۆرسىتىش خاھىشى ياتىدۇ. « ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەن بىرىنىڭ خوشنىلىرىنىڭ يېڭى ئۆي-سايمانلىرى ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، نۇرغۇن قەرزگە كىرىپ ئۆي سايمانلىرى سېتىۋېلىشى، بىر جۈپ قىز-ئوغۇلنىڭ نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ توي قىلىشى، مودىغا ئەگىشىشى، بىنورمال مېھماندوستلۇقنىڭ تېگىگە قارايدىغان بولساق، يۈز ئۈچۈن ياشاش خاھىشىنى بايقايمىز. «يۈز ئۈچۈن ياشاش»تا ئىنسان قانچە كۆپ ئىجتىمائىي ماسكىلارغا ئىگە بولسا ئۆزىنى شۇنچە كۈچلۈك ھېس قىلىدۇ.

## 3. ۋەھىمە كۇلتۇرىنىڭ ئىپادىلىرى

### 1.3 ۋەھىمە كۇلتۇرىدە «سەن» ۋە «مەن» پېسخىكىسى

ۋەھىمە كۇلتۇرىدە «سەن» ۋە «مەن» پېسخىكىسى كۈچلۈك، «بىز»پېسخىكىسى ئاجىز بولىدۇ. «مەن» پېسخىكىسى ئۆزگىلەرگە ئىشەنمەسلىك، ئۆزگىلەرنى ئاجىز ۋە تۆۋەن كۆرۈش،ئۆزىنى قالتىس چاغلاشنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، ئۆزگىلەرنى كونترول قىلىشقا مايىل كېلىدۇ. بۇنداق خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەر داۋاملىق باشقىلارنى كونترول قىلىشنىڭ كويىدا يۈرۈيدۇ. بۇنداق تىپتىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا بارلىق ئىشلارنىڭ ئۆزىگە مەسلىھەت سېلىنىشىنى ۋە ئۆزىدىن سوراپ قىلىنىشىنى كۈتىدۇ. بۇنداق شەخسلەر ئۆزىنىڭ قالتىس ئىكەنلىكىنى بېلجىرلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى «سەن»پېسخىكىسىدىكى كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا باغلىق.

«سەن» پېسخىكىسىنىڭ تېگىدە ئاجىزلىق ياتىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە ۋىجدان ئېڭىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. بۇ پېسخىكىدىكى ئىنسان كۈندىلىك تۇرمۇشتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا مەسئۇل بولمايدۇ، ئۇلاردىن يىراق تۇرىدۇ. مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ئارتىپ قويىدىغان بولۇپ، «بىرسى ياكى باشقىلار مېنىڭ ئورنۇمغا قىلىشى كېرەك» دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق كىشى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمايدۇ، داۋاملىق باشقىلاردىن بىر نەرسە كۈتىدۇ. ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئىنكار قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئۆزىنىڭ دائىرىسى سىرتىدا چۈشىنىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق كىشى سىرتقا بېقىندى بولىدىغان ۋە باشقىلارنىڭ كونترول قىلىشىغا مايىل كىشىلىك خاراكتېر يېتىلدۈرۈپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى باشقىلارغا،مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا كۈچلۈكلەرگە تەسلىم قىلىدۇ. بۇ چۈشەنچىنى ئاساس قىلىدىغان مۇناسىۋەت شەكىللىرى ئاتا-ئانا ۋە بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشىتىلىدۇ. شەخسنىڭ ئۆزىنى مەسئۇلىيەت ۋە يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە مۇداپىئە سۈپىتىدە پەيدا قىلغان «سەن» پېسخىكىسى، مەسئۇلىيەتلەر ۋاقتىلىق كېچىكتۈرۈلىدىغان، مەسىلىلەر ھەل قىلىنماي

تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن كېسەل پسىخىكىدۇر. قىيىنچىلىق، مەسئۇلىيەت ۋە خەتەرلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۇلاردىن قېچىپ يۈرىدۇ، بۇنداق پسىخىكىدىكى كىشىلەر «دۇنيانى مەنلا قۇتقۇزاتتىم» دەيدىغان چۈشەنچىدە بولىدۇ. مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەقلىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەت دەپ قارىماستىن، ئۇلارنى ئۆزگە بېسىم قىلىۋالىدۇ. «سەن» پسىخىكىسىدىكى كىشىلەر «مەن» پسىخىكىسىدىكى كىشىلەرنىڭ كونتروللۇقىغا كىرىدۇ. مەيلى «سەن» پسىخىكىسىدىكى شەخسلەردە بولسۇن مەيلى «مەن»پسىخىكىسىدىكى شەخسلەردە بولسۇن، ھەر ئىككى تىپنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ئاجىز بولىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككى تىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يەنە بىر تىپقا باغلاپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا باشقىلارغا ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندا ئۆزى توغرىلىق گەپ قىلىشتىن بەكرەك، مۇناسىۋەت دائىرىسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، نوپۇزلۇق، باي، مەنسەپدار، داڭلىق كىشىلەرنى كۆپ تونۇيدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. مەشھۇر پەيلاسوپ سارتىرې دېگەندەك، ئەركىن ئىنسان ئەڭ مەسئۇلىيەتچان ئىنساندۇر. ئەركىن ۋە مۇستەقىل ھەرىكەت قىلالمايدىغان ئىنسان شۇنچىلىك مەسئۇلىيەتسىز بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىززەت-شەرىپىگە ھۆرمەت قىلمايدۇ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا مايىل كېلىدۇ لېكىن ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۆزگىلەرنىڭ كۆز-قارىشى،پوزىتسىيەسى ۋە ئىش-ھەرىكىتىگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. كىملىككە يەنى يۈزگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، لېكىن كىشىلىككە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئىدېئولوگىيەلىك، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي كىملىكنىڭ شەكلىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، لېكىن بۇ كىملىكلەر تەلەپ قىلغان رول ۋە مەسئۇلىيەت بويىچە ئىش قىلمايدۇ. باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئالدىرايدۇ. بۇ تىپتىكىلەر مەنپەئەتچى بولىدۇ، ئىجادچانلىق تۆۋەن بولىدۇ، ئىلمىي تەپەككۇردىن يىراق بولىدۇ، ھېس-تۇيغۇسى ۋە خاھىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا مايىل كېلىدۇ. «مەن» ۋە «سەن» پسىخىكىسىدىكى كىشىلەردە قورقۇش، ئىشەنچىسىزلىك ۋە رەھىمسىزلىك تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. ئاچچىقىنى كونترول قىلىش سەۋىيەسى تۆۋەن بولىدۇ. «مەن» ۋە «سەن» پسىخىكىسىدىكى كىشىلەر ئىنسانلارغا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرگە ئاساسەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئورتاق ۋە ئوخشاشلىقلارنى دىققەت ئېتىبارغا ئالمايدۇ[23].

«مەن» پسىخىكىسى بىلەن «سەن» پسىخىكىسى ئەمەلىيەتتە بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان،بىر-بىرىدىن ئوزۇق ئالىدىغان بىر تەڭگىنىڭ ئىككى يۈزىدۇر.يەنى ۋەھىمە كۈلتۈرىنىڭ ئىككى يۈزىدۇر.

ئىندىۋىدۇئاللىقى ئاجىز كىشىلەر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا چەكلىك ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىشتەك سىياسەت تۇتالمايدۇ، سىياسەت كۈچلۈك ئەقىل، كۈچلۈك ئىرادە ۋە مۇستەقىل خاراكتېر تەلەپ قىلىدىغان سەنئەت خاراكتېرلىك پەندۇر. ئىندىۋىدۇئاللىقى ئاجىز كىشىلەرنىڭ سىياسىي گەۋدە سۈپىتىدە تەشكىللىنىپ بىر يەرگە كېلىشى تەس بولىدۇ. يەككە ھالەتتە، مۇستەقىل ھالەتتە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئاجىز بولغان كىشىنىڭ كوللېكتىپ ھالەتتە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئاجىز بولۇشى تەبىئىيدۇر.

### 2.3 ھەقىقەتكە ھۆرمىتى تۆۋەن بولىدۇ

ھەقىقەت ئىنسان ئېڭىدىن مۇستەقىل، كونكېرت ۋە ئوبيېكتىپ ھالەتتە مەۋجۇت بولغان نەرسە ۋە ھادىسىلەردۇر. تەبىئەتتىكى

فىزىكىلىق، خىمىيەلىك، بىيولوگىيەلىك ۋە باشقا ھادىسىلەر، جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن ۋەقە- ھادىسىلەر ئىنسان ئېڭىنىڭ سىرتىدا يۈز بەرگەن رېئال ۋە تەبىئىي ۋەقە ھادىسىلەر بولۇپ، ھەقىقەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ ھادىسىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى فىزىكا، خىمىيە، بىيولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، تارىخ، سىياسەت ۋە باشقا پەنلەر ئارقىلىق تېپىپ بىلگىلى بولىدۇ. ئىلمىي تەپەككۇر ياكى تەتقىقاتلارنىڭ تېگىدە «ئوبيېكتىپ ھەقىقەتلەرگە شەرتسىز ھۆرمەت قىلىش»ياتىدۇ[24]. ئوبيېكتىپ ھەقىقەتلەرنىڭ يەنى ئىنسان ئېڭى سىرتىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ ئىنسان ئېڭىدا ئۆزىگە مۇۋاپىق ھالدا ئەكس ئېتىشىمۇ يەنە بىر خىل ھەقىقەت ھېسابلىنىدۇ. چىنلىق بولسا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىگە مۇۋاپىق بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. دىندىكى ھەقىقەت بولسا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ۋەھىيدۇر.

ۋەھىمە كۇلتۇرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان جەمئىيەتلەردە بولسا ئوبيېكتىپ ۋە باشقا ھەقىقەتلەرگە ئەمەس بەكرەك «كۈچكە شەرتسىز ھۆرمەت قىلىدىغان» خاھىش كۈچلۈك بولغانلىقتىن، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا جەھەتلەردە كۈچلۈك ئورۇندا تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ دۇنيا، جەمئىيەت، ئىنسان ۋە باشقا نەرسىلەر ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى، چۈشەنچىلىرى، ئۆزلىرى بەلگىلىگەن قائىدە-يوسۇنلىرى ۋە نىزاملىرى ئەڭ توغرا ھەقىقەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بۇ « ھەقىقەتلىرى» نى كونتروللۇقى ئاستىدىكى كىشىلەرگە تاڭىدۇ. ئاجىز ئورۇندىكى بۇ كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىگە تېڭىلغان بۇ « ھەقىقەتلەر» نىڭ تېگىنى سۈرۈشتە قىلىپ كەتمەيدۇ. بۇلارنىڭ سىرتىدىمۇ ھەقىقەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭقىرىپ بولالمايدۇ. باشقا ھەقىقەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلگەن ۋە ئۆزلىرىگە تېڭىلغان « ھەقىقەتلەر»نى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ جازالىنىدىغانلىقىنى بىلگەچكە سۈكۈت قىلىدۇ.

ۋەھىمە كۇلتۇرىدە بىلىمنىڭ، ھەقىقەتلەرنىڭ، شۇنداقلا بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئېتىبارى ۋە نوپۇزى ئاجىز بولىدۇ. ئەگەر كۈچ مەركىزىگە يېقىن تۇرسا ئۇنداق بولمايدۇ. ئوبيېكتىپ ۋەقە-ھادىسىلەرنى ياكى بىر ئىشنى شۇ پېتى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئىش ئاز كۆرۈلىدۇ، يا كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلىنىدۇ ياكى باشقىچە تەسۋىرلىنىدۇ. بىلمەيدىغان نەرسىنى بىلىدىغاندەك قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئادەملەر كۆپ چىقىدۇ. بىر ساھەدە باشقىلارغا نىسبەتەن بەكرەك بىر نەرسە بىلىدىغان بىرسى ياكى بىرلا كەسىپنىڭ ئەھلى، ھەممە ساھەنى بىلىدىغانلىقىنى ئويلىۋالىدۇ. ھەر قايسى ساھەلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەك-چېگرا ۋە پاسىللار غۇۋا، ئېنىقسىز بولىدۇ، شۇڭا ئىنسانلار بىلىپ بىلمەي بىر-بىرىنىڭ ساھەلىرىگە ئارىلىشىۋالىدۇ. ھەقىقەت بىلەن كۆپ ئادەمنىڭ كارى بولمايدۇ، ھەقىقەت ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي مەرتىۋىسىگە ئاساسەن ئۆزگىرىپ ماڭىدىغان بولغاچقا، كىم كۈچلۈك بولسا شۇنىڭ گېپى توغرا دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. پىكىر ۋە ھەقىقەت مۇستەبىتلىكى بار بولۇپ، تەنقىد قىلغۇچىلار ھوجۇمغا ئۇچرايدۇ. ئەنئەنىۋى مەلۇماتلار، ئىلمىي مەلۇماتلار (ئىلمىي تەتقىقات يەكۇنلىرى)، كۈندىلىك مەلۇماتلار، ھەتتا دىنىي ئىلىملەرمۇ كۈچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغاچقا، ھەقىقەتنى تېپىپ چىقىپ سۆزلەش تەس بولىدۇ. ئىلىم ۋە « ھەقىقەتلەر» نىڭ قىممىتى كۈچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە قانچىلىك خىزمەت قىلدۇرۇلۇشىتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. تۈرلۈك ھەقىقەتلەرگە ھۆرمەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن يالغانچىلىق ئومۇملىشىدۇ (نوقۇل گەپتىكى يالغانچىلىق ئەمەس). توغرا ۋە مۇۋاپىق ئىش قىلىشتىن

بەكرەك كۈچلۈكلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىش خاھىشى كۈچلۈك بولىدۇ. ئاجىزلارنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلىشىگە يوق قويۇلمايدۇ. خەتەر ۋە تەھدىتلەردىن ئالدىن كۆرۈپ تەدبىر ئېلىش ئېڭى تۆۋەن بولىدۇ. بىلىمگە، پرىنسىپقا ۋە مەلۇماتقا ئاساسەن ئەمەس ئىختىيارلىقتا ئاساسەن ئىش قىلىنىدۇ. قارارلار ھەقىقەتلەرگە ئاساسەن چىقىرىلمايدۇ، پىلان ۋە لايىھەلارمۇ ھەقىقەتلەردىن يىراق بولىدۇ. شۇڭا تەرتىپسىز، پىلانسىز ۋە خاتا ئىشلار كۆپ بولىدۇ.

### 3.3 ئۆگىتىلگەن چارىسىزلىك

چارىسىزلىكنى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ كاللىسى-دا زېھنىنىڭ نورمال پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنى بوغىدىغان، ئۇنىڭدىكى ئىجادچانلىقنىڭ جارى بولۇشىغا توسالغۇ بولىدىغان، قېلىپلىشىپ كەتكەن چۈشەنچىلەر بار. كىشىنى چارىسىزلىككە مەھكۇم قىلىدىغان، قابىلىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇشىغا توسالغۇ بولىدىغان، ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان ئەھۋاللارغا قارىتامۇ پاسسىپلىق قىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىل دەل قېلىپلىشىپ كەتكەن چۈشەنچىلەردۇر.[25]

بۇ قېلىپلىشىپ كەتكەن چۈشەنچىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنبەسى ۋەھىمە كۇلتۇرى بولۇپ، بۇنداق كۇلتۇردا يېتىشكەنلەر، ۋەھىمە كۇلتۇرىنىڭ قېلىپلىرىدىن سىرتىغا چىقالمايدۇ، بۇ قېلىپلار نېمە دېسە ئۆزىنى شۇنىڭغا تەييار قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئاساسەن پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ سىرتىغا چىقسا جازالىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ كۇلتۇردا ئىنسانغا كىچىكىدىن باشلاپ نېمىنى قىلالىشىدىن بەكرەك نېمىنى قىلالمايدىغانلىقى، كىملەر ۋە نېمىلەردىن قورقۇش لازىملىقى، ئۆزىنىڭ ئىستەك ۋە ئارزۇلىرىدىن بەكرەك باشقىلارنىڭ ئىستەك ۋە ئارزۇلىرىنىڭ مۇھىملىقى، كىم ۋە نېمىلەرنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئۆگىتىلىدۇ. بىزدىكى تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغىلى بولماس، دېگەن ماقال-تەمسىلنىڭ نۆۋەتتىكى ئىستېمال مەنىسى، ئۆگىتىلگەن چارىسىزلىكنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. بىرىنىڭ زوراۋانلىقىغا ئۇچرىشىمۇ ئۆگىتىلگەن چارىسىزلىككە تېپىك مىسال بولالايدۇ. زوراۋانلىققا دۇچ كەلگۈچىلەر زوراۋانلىق يۈز بەرگەن مۇھىتتىن يىراقلىشىشقا، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇشقا ئامالسىز، پەقەت سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر. بۇ ئىنساننىڭ قىممىتى، ئىززىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ سۇسلاپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق ئىنسان ئۆزىنى دۆت، دىتسىز، قىممەتسىز، كارغا كەلمەس ھېس قىلىدۇ. زوراۋانلىق ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان تەقدىردە، زوراۋانلىققا دۇچ كەلگۈچىلەرنىڭ ئۈمىدسىزلىك ۋە چارىسىزلىك تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ.

### 4.3 ۋەھىمە كۇلتۇرىدە ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقتىن بەكرەك بىخەتەرلىك مۇھىم

ۋەھىمە كۇلتۇرىدە بىخەتەرلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ھېچكىم جەمئىيەتتە ئۆز ئالدىغا شەخس ۋە پۇقرا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلالمايدۇ. ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋال بولغاچقا، شەخس بۇنىڭغا ئالدىراپ جۈرئەت قىلالمايدۇ. ۋەھىمە كۇلتۇرىدە ئەركىن ۋە مۇستەقىللىقنىڭ مەنىسى يالغۇز قېلىش بىلەن باراۋەر. بىخەتەر ۋە خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن نورمال شەخس ياكى پۇقرا بولۇش يېتەرلىك بولمايدۇ. چوقۇم ئۇ ئىنسان كۈچلۈك كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتتى بولغان كىشى بولۇشى كېرەك، ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ كۈچلۈك تاغىسى، ئاكىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، يېقىن-يورۇقلىرى بولمىسا ياكى مەنسەپ-

ماقام بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىسا، يەنى ئاددەتتىكى بىرى بولسا كۆچلۈكلەر ئالدىدا ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ياكى ئۆزىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغانلار تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

## 5.3 ھەقلانىيەتكە ھۆرمەت قىلىنمايدۇ

ھەققانىيەت باراۋەرلىكتىن پەرقلىقتۇر، ئادىل ۋە ئادالەتلىك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ھەققانىيەت مۇناسىۋەتتە تەڭپۇڭ بولۇش بولۇپ، دىن ۋە قانۇننىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپلىرىدىن بىرىدۇر.

ۋەھىمە كۈلتۈرىدە ھەققانىيەتكە ھۆرمەت قىلىش خاھىشى ئاجىز ياكى يوقتۇر. باشقىلارنىڭ ھەقلىرىگە دەخلى قىلىش ئەيىب ھېسابلانمايدۇ. ھەققانىيەتنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىنى ۋە ئىجتىمائىي پىرىنسىپلارغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. مەسىلەن: يېقىن-يورۇقلىرى، تونۇش بىلىشلىرى ھەققىنى يەۋالسا بۇ قىلمىش نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق مۇناسىۋەتتە يېقىن-يورۇقلىرىنىڭ ھەق يەۋېلىشى چوڭ مەسىلە ئەمەس، ئۇ يېقىن-يورۇقلىرىدىن كېلىدىغان مەنپەئەتكە قارايدۇ، ئۇنىڭ يۈرتىغا قارايدۇ. قابىلىيەت ئاساس قىلىنمايدۇ. بۇنىڭدا كۈچلۈك بولسا ھەقلىق ۋە يوللۇق بولغان بولىدۇ. ئاجىز بولسا ھەقسىز ۋە يولسىز ھېسابلىنىدۇ. ۋەھىمە كۈلتۈرىدە بىرى ئۆزىدىن بولسا ئادىل، ئۆزگىلەردىن بولسا ئادىل مۇئامىلە قىلىنمايدۇ. مۇكاپاتقا لايىق قابىل كىشىلەرنىڭ ھەقلىرى بېرىلمەيدۇ، مۇكاپاتقا لايىق بولمىغان كىشىلەر بەكرەك ئېتىبارغا ئېرىشىدۇ.

## 6.3 تۇيغۇداشلىق (Empathy) ئېڭى ئاجىز، قۇتۇپلىشىش ئېغىر بولىدۇ

ئامېرىكالىق پىسخولوگ كارل روگېرس تۇيغۇداشلىقنى بىر كىشىنىڭ ئۆزىنى باشقا بىر كىشىنىڭ ئورنىغا قويۇش ئارقىلىق، قارشى تەرەپنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى، دۇنيا قارىشىنى ۋە چۈشەنچىلىرىنى توغرا يوسۇندا چۈشىنىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ھېس-تۇيغۇسىنى قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈش جەريانى دەپ تەبىرلەيدۇ. ئەلۋەتتە تەلۋىلەر ۋە ئۆز مەپتۇن كىشىلەرنىڭ سىرتىدىكى باشقا ئىنسانلاردا تۇيغۇداشلىق قابىلىيىتى بولىدۇ. تۇيغۇداشلىق قابىلىيىتى ئىجتىمائىي مەخلۇق ھېسابلىنىدىغان ئىنسانلارنىڭ بىرلىكتە ياشىشىنى مۇمكىن قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بىر ئىنسان ئۆزى تەۋە بولغان گۇرۇپپا ياكى گۇرۇپپىلارغا بەكرەك تۇيغۇداشلىق قىلىدۇ، ئۆزى تەۋە بولمىغانلىرىغا نىسبەتەن بولسا تۇيغۇداشلىقى تۆۋەن بولىدۇ. بۇ نورمال ئىشتۇر. لېكىن ۋەھىمە كۈلتۈرىدە قۇتۇپلىشىش ئېغىر بولغاچقا،تۇيغۇداشلىقمۇ ئاجىز بولىدۇ. بۇنىڭدا تۇيغۇداشلىق ئېڭى «بىر مەھەللە»، «بىر يۇرت»، «بىر گۇرۇپپا»، «بىر تەرىقەت»، «بىر مەزھەپ» لەردە بەكرەك گەۋدىلىنىدۇ. بۇلارنىڭمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ ئىجتىمائىي گەۋدە يەنى بىر پۈتۈن مىللەت نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ. مەرھەمەت، شەپقەت، ياردەم، سىغدۇرۇشچانلىق، پىداكارلىققا ئوخشاش پەزىلەتلەرمۇ كىچىك ئىجتىمائىي گەۋدە بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ. كىچىك ئىجتىمائىي گەۋدىگە تەۋە كىشىلەرنىڭلا ھاياتىغا، ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە ۋە خۇشاللىقلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، كىچىك گەۋدىنىڭ سىرتىدىكىلەر «ئۆزگىلەر ياكى يات» دەپ قارالغاچقا ئۇلارغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. كىچىك ئىجتىمائىي گەۋدىنىڭ ئەزالىرى زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىككە ئۇچرىسا قايغۇرۇلىدۇ، قاتتىق ئىنكاس قايتۇرۇلىدۇ، پەريات قىلىنىدۇ. «ئۆزگىلەر» نىڭكىگە سۈكۈت قىلىنىدۇ ياكى ئىنكاس بىلدۈرۈلمەيدۇ[26]. بىر كىشىنىڭ تۇيغۇداشلىقى قانچە ئاجىز بولسا ئۆزگىلەرنى، ھەممىدىن مۇھىمى

ئۆزىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. پەرقلىق پىكىرلەرگە،پەرقلىق ئىدىيەلەرگە، پەرقلىق كۈلتۈرلەرگە، پەرقلىق ئىنسانلارغا باشقىچە كۆز بىلەن قارىلىدۇ، چۈنكى پەرقلەر ۋە ئوخشىماسلىقلار كۈچكە نىسبەتەن ئەڭ چوڭ تەھدىت دەپ قارىلىدۇ.

### 3.7 تۈترۈقسىزلىق كۈچلۈك بولىدۇ

بۇ بىر ئىنساننىڭ ئىچى بىلەن تېشىنىڭ بىر بولماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئىنساننىڭ ئېتىقادى، چۈشەنچىسى، قەدىرىيىتى، سۆزى، ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە تۈترۈقسىزلىقنى كۆرسىتىدۇ.

ۋەھىمە كۈلتۈرىدە ئىنساننىڭ يۈزىگە، ئىجتىمائىيلىققا، كۈچكە، ماددى ۋە تاشقى تەرىپىگىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ روھ، جان، پىسخىكىسى، مەنىۋى ياكى ئىچكى تەرىپىگە سەل قارالغاچقا، ئىنسانلاردا تۈترۈقسىزلىق كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئىنساننىڭ تۈترۈقلۇق ياكى ئىچى بىلەن تېشىنىڭ بىردەك ياكى ماس ھالەتتە بولۇشى ئۈچۈن ئىنساننىڭ ھەر ئىككى تەرىپىگە ئوخشاش دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. كۈچ ۋە ۋەھىمىنىڭ كۆلەڭگىسىدە بىر ئىنساننىڭ ئېتىقادى، قەدرىيەت ياكى قىممەت قارىشى، پىرىنسىپلىرىگە ئاساسەن ياشىشى ئاسان ئەمەس. بۇ ئەھۋال تەبىئىي ئەھۋالدا ئىنساننىڭ تۈترۈقسىزلىقىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. تۈترۈقسىزلىقنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئىنساننىڭ ھەرىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۈترۈقسىزلىق، ھەرىكەت بىلەن گەپ ئوتتۇرىسىدىكى تۈترۈقسىزلىق، مەلۇمات بىلەن ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدىكى تۈترۈقسىزلىق (بىلگىنىگە زىت ئىش قىلىش)، ئېتىقاد بىلەن ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدىكى تۈترۈقسىزلىق (ئېتىقادىغا زىت ئىشلارنى قىلىش)، گەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈترۈقسىزلىق قاتارلىقلاردۇر.

بۇنداق ئەھۋالدا ئىنسان ئىشەنگىنى ياكى ئېتىقادى بويىچە ئەمەس، ياشىغىنىغا ئىشىنىپ ياشايدۇ.

ۋەھىمە كۈلتۈرىنىڭ ئىپادىلىرى پىروفېسسور دوكتور روبېرت ب. ئېدگورتېنىنىڭ « كېسەل جەمئىيەتلەر»[27] ناملىق كىتابى ۋە پىروفېسسور دوكتور دوغان جۇجەلئوغلۇنىڭ[28] بىر نۇتۇقىدىن پايدىلىنىپ رەتلەپ چىقىلدى.

### 8.3 ئاجىزلار ئۆزىگە كۈچلۈكلەرنىڭ كۆزى بىلەن قارايدۇ

ۋەھىمە كۈلتۈرىدە ئىقتىساد، سىياسەت، ئىجتىمائىي، ماددىي ۋە باشقا جەھەتلەردە ئاجىز ئورۇندا تۇرىدىغانلار ئۆزىنىڭ كىملىكىگە، سالاھىيىتىگە، ئورنىغا قىسقىسى دۇنياسىغا ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە سالاھىيەت جەھەتتە ئۆزىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلار يەنى كۈچلەر قانداق قاراشنى ئۆگەتكەن بولسا شۇنداق قارايدۇ. يەنى ئاجىزلار ئۆزىگە تېڭىلغان كىملىك بويىچە ياشايدىغان، ھەرىكەت قىلىدىغان بولىدۇ. مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتنىڭ روھى ھالەتلىرى تېما قىلىنغان«يەر يۈزىنىڭ قاغىشتەككۈرلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى فرانتز فانون، مۇستەملىكە ئاستىدا ئۇزۇن مەزگىل قالغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە، كىملىكىگە، سالاھىيىتىگە قىسقىسى مەۋجۇدلۇقى ۋە ھاياتىغا ئۆز نۇقتىسى ياكى نەزىرىدىن ئەمەس، مۇستەملىكە قىلغۇچى مىللەت قايسى كىملىك ۋە قايسى سالاھىيەت بىلەن قاراشنى ئۆگەتسە ياكى تاڭسا شۇ بويىچە قارايدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، زوراۋان بىر ئەر، زوراۋان بىر دادا (زوراۋان بىر ئانا)، زورارۋان بىر باشلىق ياكى زوراۋان بىر گۇرۇھنىڭ (پارتىيە، تەشكىلات، مىللەت بولۇشىمۇ مۇمكىن) ھامىيسىدىكىلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىگە تېڭىلغان

كىملىكلەر بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى مۇشۇ نۇقتىدىن چۈشىنىشكە تامامەن بولىدۇ.

## خۇلاسە

سۆيۈنۈش، سۆيۈلۈش، سۆيگۈ، سەسكىنىش، تەشۋىش قاتارلىق تۇيغۇلارغا ئوخشاش تامامەن ئىنسانىي ۋە تەبىئىي بولغان قورقۇش ياكى ۋەھىمە تۇيغۇسى، بىيولوگىيەلىك جەھەتتىن جانلىقلارنىڭ ھاياتتا قېلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان تۇيغۇدۇر. لېكىن ماھىيەت جەھەتتىن چوقۇم ئىككى نەرسىنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتىنى تەقەززا قىلىدىغان كۈچ قورقۇش ۋە ۋەھىمىنى كونترول قىلىۋالغاندا، بۇ ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، دۇنيا قارىشى، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى، چۈشەنچىسى، كىشىلىك خاراكتېرى، نورمىلىرى، قەدىرىيەت (قىممەت قاراش)، ئىشىنىشلىرى، سىمۋوللىرى قاتارلىقلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىنساننىڭ بىر ياشاش شەكلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قورقۇش ۋە ۋەھىمە كۈلتۈر شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. كۈچكە ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىلىدىغان ۋەھىمە كۈلتۈرىدە «سەن» ۋە «مەن»شەكلىدە ئىككى خىل قۇتۇپ يارىتىلىدۇ. بۇ قۇتۇپ ئىككى خىل ئىنسان تىپى، ئىككى خىل جەمئىيەت تىپى، ئىككى خىل مىللەت تىپى ياكى ئىككى خىل دۆلەت تىپى دېگەن تەرىقىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. ئىجتىمائىي نۇقتىدىن قورقۇش ۋە ۋەھىمە تارىختىن بۇيان بىر ئىنساننىڭ يەنە بىر ئىنساننى، ياكى بىر گۇرۇپپىنىڭ يەنە بىر گۇرۇپپىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش، بېسىم قىلىش، نازارەت قىلىش، ئەل قىلىش ۋە باشقۇرۇش ۋاستىسى بولغان ۋە كۈلتۈر سۈپىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان جەمئىيەت ۋە مۇئەسسەسەلەردە مۇستەقىل ئويلاش، ئىجادچانلىق، مۇستەقىل ۋە ئەركىن ئىنسان بولۇش قاتارلىقلارغا ئەڭ چوڭ توسالغۇ بولۇپ كەلگەن.

ئىنتائەتچان، ماسلىشىشچان، باشقۇرۇلۇش ۋە نازارەت قىلىنىشقا مايىل ئىنسان تىپى يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلىدىغان ۋەھىمە كۈلتۈرى، ھاكىممۇتلەق ۋە مۇستەبىتلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، تەنقىتنى قەتئىي خالىمايدۇ. ئىجتىمائىي نوپۇز جەھەتتە كۈچلۈك بولغانلار ھەر ۋاقىت ئۆزگىلەرنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى تەبىرلەيدۇ، ئىجتىمائىي نوپۇز جەھەتتە ئاجىز بولغانلار بولسا ھەر ۋاقىت تەبىرلىنىدۇ، ۋەھىمە كۈلتۈرىدىكى بۇ مۇناسىۋەت ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ۋە ئىگىدارچىلىق قىلىنغۇچى، بېقىندۇرغۇچى ۋە بېقىنغۇچى، ساھىب بولغۇچى ۋە ساھىب بولۇنغۇچى بولۇشتەك خاراكتېرگە ئىگە. بۇنداق مۇناسىۋەتتە كۈچلۈك تەرەپ ئاجىز تەرەپكە ئۆزى خالىغىنىچە مۇئامىلە قىلالايدۇ. كۈچلۈك تەرەپ ئاجىز تەرەپكە قانداق ياشىشى كېرەكلىكىنى بېكىتىپ بېرىدۇ. ۋەھىمە كۈلتۈرىدە بېكىتىلگەن بۇ پاسىللارنىڭ سىرتىغا چىقىلسا زوراۋانلىققا مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. كۈچلۈك تەرەپ ھەر ۋاقىت ۋەھىمە كۈلتۈرىنى بېسىم ۋاستىسى قىلىپ ئىشلىتىدىغان بولۇپ، بۇ كۈلتۈرنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك ۋاستىلاردىن پايدىلىنىدۇ.

ۋەھىمە كۈلتۈرىدە ھەقىقەتكە،ھەققانىيەتكە، ئىنساننىڭ ئىززىتى ۋە قىممىتىگە، پىرىنسىپ ۋە قەدىرىيەتلەرگە ھۆرمەت قىلىش يوقىرى بولمايدۇ. ھەقىقەت، ئادالەت، پرىنسىپ، قەدىرىيەت، ھەققانىيەت، كەلىمەلەر، قانۇن، بىلىم ۋە ھەق-ھوقۇقلارنىڭ كۈچى ئەمەس، كۈچنىڭ ئادالىتى،

ھەقىقىتى، پرىنسىپلىرى، ھەق-ھوقۇقلىرى، قانۇنى، ھەققانىيىتى، ھەتتا بىلىمى بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئېتىبارى ئەمەس كۈچىنىڭ ئېتىبارى بولىدۇ. ئۆگىتىلگەن چارىسىزلىك ۋەھىمە كۈلتۈرىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ENDNOTES**


1 Altay Eren, “Korku Kültürü, Değerler Kültürü ve Şiddet”, *Aile ve Toplum* Yıl: 7 Cilt: 2 Sayı: 9 Ocak-Mart 2005 ISSN: 1303-0256, s.2. (09.02.2011). https://dergipark.org.tr/tr/download/article-file/198137.

2 Ali Güler, “Türk Eğitim Sisteminde Korku Kültürü ve Disiplin Sorunu”, (XIII. Ulusal Eğitim Bilimleri Kurultayı, 6-9 Temmuz 2004 İnönü Üniversitesi, Eğitim Fakültesi, Malatya, s.2.),

https://www.pegem.net/dosyalar/dokuman/448.pdf

3 Kazım Çelik ve Ümit Kahraman, “Okullarda Korku Kültürü Ölçeği: Gerçeklik ve Güvenirlik Çalışması”, *İnönü Üniversitesi Eğitim Fakültesi Dergisi,* Cilt 20, Sayı 2, 2019,s.323. https://dergipark.org.tr/tr/download/article-file/778551

4 Kevser, Karakus, “Korku Kültürü”, (13.02.2021), https://www.psikolojiagi.com/korku-kulturu.

5 Çelik ve Kahraman, “Okullarda Korku Kültürü Ölçeği: Gerçeklik ve Güvenirlik Çalışması”, *İnönü Üniversitesi Eğitim Fakültesi Dergisi.*

6 Sinan Canan, Mustafa Can, Amigdala: Korkularını Anlamaya Hazır Mısın? https://www.youtube.com/watch?v=QOuHxRm_twI&t=114s.

7 Mücahit Çelik ve Habib Kavak, “İşletmelerde Korku Kültürü ve Yönetim”, Mecmua Uluslararası Sosyal Bilimler Dergisi, Bahar 2020, Yıl:5, Sayı:9, ss.174-198. https://dergipark.org.tr/en/download/article-file/1024832

8 .Ali Ergür, *Kültür Sosyolojisi*, Eski Şehir: Anadolu Üniversitesi Yayın Evi, 2011,s.3.

9 .Doğan Cüceloğlu, *Korku Kültürü*, İstanbul: Remzi Kitapevi, 2017, s.18.

10 Ergür, *Kültür Sosyolojisi*, s.4.

11 Cüceloğlu, *Korku Kültürü*, s.26

12 Ergür, *Kültür Sosyolojisi*, s.6.

13 Ergür, *Kültür Sosyolojisi*, s.13.

14 Eren, “Korku Kültürü, Değerler Kültürü ve Şiddet”, *Aile ve Toplum*, s.3.

15 Eren, “Korku Kültürü, Değerler Kültürü ve Şiddet”, *Aile ve Toplum*, s.4.

16 .Doğan Cüceloğlu, *İletişim Donanımları*, İstanbul: Remzi Kitabevi, 2002,s.196.

17 Ahmet Alkanı ve Ramazan Erdem, “ Güç: Formal ve İnformal Yönden Güce Kavramsal Bakış”, *Vizyoner Dergisi*, Yıl: 2019, Cilt:10, Sayı:24, ss.405-433, s.408.https://dergipark.org.tr/tr/download/article-file/772481.

18 Alkanı ve Erdem, “ Güç: Formal ve İnformal Yönden Güce Kavramsal Bakış”, *Vizyoner Dergisi*,s.408.

19 Alkanı ve Erdem, “ Güç: Formal ve İnformal Yönden Güce Kavramsal Bakış”, *Vizyoner Dergisi*,s.408.

20 Alkanı ve Erdem, “ Güç: Formal ve İnformal Yönden Güce Kavramsal Bakış”, *Vizyoner Dergisi*,s.412.

21 Ayşem Çalışkur, “Örgütlerde Güç Olgusu ve Gücün Kullanımı”, *Cankrı Karatekin Üniversitesi Sosyal Bilimler Enstitüsü Dergisi*, 7(1):029-048, 27.02.2016. https://dergipark.org.tr/en/download/article-file/253792

22 Güler, “Türk Eğitim Sisteminde Korku Kültürü ve Disiplin Sorunu”, *(XIII. Ulusal Eğitim Bilimleri Kurultayı, 6-9 Temmuz 2004 İnönü Üniversitesi, Eğitim Fakültesi, Malatya, s.2.*

23 .Eren, “Korku Kültürü, Değerler Kültürü ve Şiddet”, *Aile ve Toplum.*

24 Doğan Cüceloğlu, http://www.dogancuceloglu.net/yazilar/373/gercege-saygi-guce-saygi.

25 Veda Bilican Gökkaya, “Çaresizliği Öğrenen Kadın: Öğrenilmiş Çaresizlik“,Turkish Studies, *International Periodical for the Languages, Literature and History of Turkish or Turkic Volume* 10/14 Fall 2015, p. 53-70 DOI Number: http://dx.doi.org/10.7827/TurkishStudies.8921 ISSN: 1308-2140, ANKARA-TURKEY. https://www.beu.edu.tr/Media/PbsDosya/23026_2016_10_31_1825a8a9.pdf

26 Salih Cenap, Baydar, 2021, Empati ve Kutuplaşma https://www.karar.com/yazarlar/salih-cenap-baydar/empati-ve-kutuplasma-1588569,

27 Rorbert B. Edgorton, *Hasta Toplumlar*, İstanbul: Buzdağı Yayınevi, 2015.

28 https://www.youtube.com/watch?v=avPv12ZcYko&t=1724s

# لېۋىياتان (Leviathan)*

**م. تەڭرىقۇت**

ئىبىن خالدۇن ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمى دوكتورانتى.
E-mail: m.tanrkitut@gmail.com




Leviathan. by Thomas Hobbes
(Independently published, 2020.
ISBN-13: 979-8612391401)
Price: 7$

كىتاب ناھايىتى كۆپ تىلغا تەرجىمە قىلىنغان، شۇنداقلا ھەر تىلدا بىر قانچە خىل نۇسخىسى مەۋجۇت. بىز مەلۇم تىلدىكى مەلۇم نۇسخىسى ياخشى دېمەيمىز. قىزىققۇچىلار بۇ ساھەدىكى پىروفىسورلارنىڭ تەۋسىيەسىنى ئېلىپ خالىغان بىر نۇسخىسىنى ئېلىپ ئوقۇسا بولىدۇ.

ئەنگلىيەلىك سىياسەت پەيلاسوپى توماس خوببىس تەرىپىدىن يېزىلغان «لېۋىياتان» (1651) سىياسەت ئىلمى تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئەسەرلەردىن بىرىدۇر. بۇ ئەسەرنى زامانىمىزدىكى ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن دۆلەت سىستېمىسىنىڭ خەرىتىسى، شۇنداقلا رېئال سىياسەتنىڭ ئەقلىي يەشمىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. سىياسەت پەلسەپەسى ماكىئاۋېللىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن دەپ ئىككى چوڭ دەۋرگە ئايرىلغان بولۇپ، ئەگەر رېئال سىياسەتنى بىر بىناغا ئوخشاتساق، ماكىئاۋېللى ئۇنىڭ ئۇلىنى سالغان، توماس خوببىس بولسا ئۇنىڭ بىناسىنى قۇرۇپ چىققان كىشىدۇر.[1] خوببىس سىياسەت پەلسەپەسىدە يېڭى بىر دەۋرنى ئاچقان شەخس بولۇپ ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېلنىڭ سىياسەت پەلسەپەسىنى ئىنكار قىلغان[2]،بولۇپمۇ ئارىستوتېلنى تارىختىكى ئەڭ ناچار ئۇستاز[3] دەپ ئاتىغان ۋە ئۇ ئىككىسىنى «بولۇۋاتقان رېئاللىق» ھەققىدە ئەمەس بەلكى «بولۇشى كېرەك بولغان ئارزۇ» ھەققىدە گەپ قىلغان «ئەخمەقلەر» دەپ قارىغان.

خوببىسنىڭ ئەسىرىنىڭ ماۋزۇسى بولغان لېۋىياتان، تەۋراتتا تىلغان ئېلىنغان ناھايىتى كۈچلۈك سۇ ھايۋىنى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلماسلىقى سۆزلەنگەن. توماس خوببىس دۆلەتنىڭ ئەنە شۇ لېۋىياتانغا ئوخشاش كۈچلۈك بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان ۋە كىتابىدا دۆلەتنىڭ نېمە ئۈچۈن زۆرۈرلۈكى ،قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى، ۋەزىپىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە نېمە ئۈچۈن مۇتلەق كۈچكە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى مەنتىقىلىق تەپەككۇر ۋە ئەمەلىي مىساللار بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۆزىنىڭ يەكۈنىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىنسان تەبىئىتى ، تەبىئەت ھالىتى (state

(of nature)، ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيەسى (social contract)، ئادالەت ۋە دىن قاتارلىق ئامىللار ئۈستىدە ئىلمىي ئانالىز ئېلىپ بارغان.

خوببىس ئۆزىنىڭ دۆلەت ۋە باشقۇرۇش پەلسەپەسىنى ئىنسان تەبىئىتى بىلەن باشلايدۇ ۋە ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىنىڭ ناچار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەسلىدە بۇ خىرىستىئان دىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيە بولۇپ[4] ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىماي شەيتانغا ئالدىنىپ جەننەتتىن قوغلانغانلىقىدىن چىقىرىلغان يەكۈندىن ئىبارەت. خوببىس نېمە ئۈچۈن مۇتلەق كۈچكە ساھىپ دۆلەتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن بۇ كۆز قاراشنى ئىشلىتىدۇ ۋە رېئال جەمئىيەتتىن مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ ناچار تەبىئىتىنىڭ دۆلەتنىڭ مۇتلەق كۈچى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ كىتابىدا ئىنسانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن سىرتقا چىققاندا ئىشىككە قۇلۇپ سالىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن سىرت يېنىغا ئۆزىنى قوغدايدىغان قوراللارنى ئېلىۋالىدىغانلىقىنى[5] تەھلىل قىلىدۇ. سەۋەبىنىڭ بولسا ئىنسانىنىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنلىكى ۋە بۇ ئىشەنچسىزلىكنىڭ مەنبەسىنىڭ ئىنسانىنىڭ ناچار تەبىئىتى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«لېۋىياتان»دا توماس خوببىس «تەبىئەت ھالىتى» (state of nature) ۋە «ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيەسى» (social contract) ئۇقۇملىرى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىقنىڭ قانۇنىي ئاساسىنى (مەشرۇئىيىتىنى) قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئىككىسى ئۇ دەۋر ئۈچۈن ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۇقۇم بولۇپلا قالماي،ناھايىتى خەتەرلىك تەشەببۇسنىڭ ئىككى چوڭ تۈۋرۈكى ئىدى. خوببىس بۇ ئىككى ئۇقۇمنى بىر – بىرىگە باغلاش ئارقىلىق ياۋروپادا خىرىستىئان دىنى ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەن مىڭ يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ۋە خەلقنىڭ كاللىسىغا ئورناپ كەتكەن بىر ئىدىيەنى، يەنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنىڭ پادىشاھقا تەڭرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغانلىقى ئىدىيەسىنى ئىنكار قىلدى.

خوببىسقا نىسبەتەن، تەبىئەت ھالىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھۆكۈمەتسىزلىك (anarchy) بولۇپ، بۇ خۇددى تەبىئەتتىكى ئىپتىدائىي ئىنسان ھاياتىغا ئوخشايتتى . بۇنداق جەمئىيەتتە «ھەر كىم ھەر كىمنىڭ دۈشمىنى» ئىدى، ھايات بولسا « قىسقا ، قاباھەتلىك،نامرات»[6] بولۇپ ،«ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك» دېگەن ئۇقۇملار بولمايتتى . شۇڭا خەلق ئۆز-ئارا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق بىر كېلىشىم تۈزگەن بولۇپ، كېلىشىمدە ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ھوقۇقلىرىنى بىر ئورگانغا ( دۆلەتكە) ھاۋالە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۆز – ئارا كېلىشىشى ۋە ھوقۇقىنى ھاۋالە قىلىشىدىن شەكىللەنگەن سىياسىي ئورگان دۆلەتتىن ئىبارەت ئىدى ۋە دۆلەت مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە ئىدى، چۈنكى ئىنسانلار ئۆز رازىلىقى بىلەن بۇ ھوقۇقنى دۆلەتكە بەرگەن ئىدى. شۇڭا دۆلەتكە قارشى چىققانلىق ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرى تۈزگەن كېلىشىمگە قارشى چىققانلىق بولاتتى. بۇ يەردىكى يەنە بىر مۇھىم نوختا خەلقنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋالغان دۆلەتنىڭ ۋەكىلى پادىشاھ (monarch) تىن ئىبارەت. توماس خوببىس بۇ نەزەرىيە ئارقىلىق ھۆكۈمدارلىق ھوقۇقىنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن ئەمەس بەلكى،ئىجتىمائىي كېلىشىم ئارقىلىق خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ھەم چېركاۋنىڭ ھەم پادىشاھلارنىڭ نوپۇزىغا جەڭ ئېلان قىلغانلىق ئىدى.

كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەنە بىر ئىدىيە، دۆلەتنىڭ ھەممىنى باشقۇرىدىغان، مۇتلەق كۈچكە ئىگە، چېقىلغىلى بولمايدىغان «لېۋىياتان» بولۇشى كېرەكلىكىدۇر. بۇ ئىدىيە كىتابنىڭ




**ئەڭ ئۈستىدىن ئاستىغا:**

**1. يەر يۈزىدە ھېچقانداق كۈچ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ - تەۋرات، ئەييۇب بۆلۈمى، 24، 41.**

**2. دۆلەت (بەدەن) ۋە پادىشاھ (باش): بىر قولىدا دەھرىي ھاكىمىيەت (قىلىچ)، يەنە بىر قولىدا ئىلاھىي ھاكىمىيەت (پاپانىڭ ھاسىسى).**

**3. شەھەر**

**4. دۆلەت ئورگانلىرى (سول تەرەپ بىر قاتار) ۋە دىنىي ئورگانلار (ئوڭ تەرەپ بىر قاتار)**

مۇقاۋىسىدا ناھايىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مۇقاۋىدىن پادىشاھنىڭ بەدىنى پۈتۈنلەي خەلقتىن تۈزۈلگەنلىكىنى ۋە ئۇ ھەرقانداق كۈچ ۋە ھەرقانداق ئورگاننىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. چېركاۋمۇ پادىشاھنىڭ ئاستىدا بولۇپ، بۇ پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنىڭ پاپانىڭ ھوقۇقىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى، دۆلەتنىڭ چېركاۋنى باشقۇرىدىغانلىقى شۇنداقلا دۆلەتنىڭ دىنىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ بولىدىغانلىقىنىڭ ئىشارىتىدۇر. شۇڭا توماس خوببىسنىڭ بۇ كىتابىنى -1648 يىلى ئىمزالانغان، زامانىۋى دۆلەت ۋە مودېرن خەلقئارا سىستېمىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن «ۋېستفالىيە تىنچلىق شەرتنامىسى» (the Peace of Westphalia) پىرىنسىپلىرىنىڭ پەلسەپەۋى پىكىر ۋە راتسىئونال مەنتىقىلەر بىلەن تەستىقلىنىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

خوببىس، دىن ۋە دۆلەت مۇناسىۋىتى ھەققىدە دۆلەتنىڭ لېۋىياتانغا ئوخشاش كۈچلۈك بولغاندىلا ئاندىن خرىستىئان دىنى ۋە چېركاۋنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىغىلى ۋە خرىستىئانلىقنى داۋام قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دۆلەت يوق يەردە قالايمىقانچىلىقتىن باشقا نەرسىنىڭ يوقلىقىنى، شۇڭا دىنىنىڭمۇ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە،دىن دۆلەتتىن ئەمەس بەلكى، دۆلەت دىندىن ئۈستۈن تۇرۇشى لازىم. چۈنكى دۆلەت ھەربىي كۈچى ئارقىلىق دىنىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. لېكىن دىن، دۆلەتنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغدىيالمايدۇ. دۆلىتى يوقنىڭ دىنىمۇ بولمايدۇ. خوببىسنىڭ دىنغا بولغان كۆز قارىشى كۆپ تالاش -تارتىش قىلىنغان تېما بولۇپ، خوببىس كىتابىدا دىنىنىڭ سىياسەتتىكى رولىغا ئۇنچە ئەجابىي باھا بەرمەيدۇ.[7] بۇنىڭدىن باشقا خوببىسنىڭ دىنغا بولغان پاسسىپ كۆز قارىشىنى بىر تەرەپتىن ئۇ ياشىغان دەۋردىكى دەھشەتلىك ئىچكى ئۇرۇش ۋە دىنىي ئۇرۇشلارنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا ئۇ دەۋردىكى ئىلىم – پەن ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى كاتولىك ۋە پروتېستانتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى، ئىككى تەرەپنىڭ دىن ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ بىر – بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى ئىدى. ئىككى مەزھەپ بىر - بىرىنى قايىل قىلالمىغان بولۇپ، ئاخىرىدا 30 يىلغا سوزۇلغان دەھشەتلىك ئۇرۇش بولغان ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت ئىلىم – پەن ئىنقىلابى چېركاۋ ئوتتۇرىغا قويغان نۇرغۇن پىكىرلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولۇپ، خرىستىئان ئىدېئولوگىيەسىنىڭ ئومۇمىي ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلانغان ئىدى...

كىتابتا خوببىسنىڭ باراۋەرلىك،ئادالەت، قانۇن ۋە دۆلەتنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتى ھەققىدە ناھايىتى مەشھۇر جۈملىلىرى بار بولۇپ، ئۇ « ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىن باراۋەردۇر، لېكىن باراۋەرلىك خەتەرنى چىللاپ كېلىدۇ...»[8] دەپ ئېيتىدۇ . ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارنىڭ باراۋەر بولۇشى ئوخشاش بىر نەرسىگە ئېرىشىش ھەققىنىڭمۇ باراۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئىككى كىشى ئوخشاش ۋاقىتتا ئوخشاش بىر نەرسىگە ئېرىشمەكچى بولسا بىر – بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ. شۇڭا دۆلەت مۇتلەق

ئۇستۇنلۇك بىلەن بۇ باراۋەرلىكنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشى لازىم. بۇنىڭدىن سىرت، دۆلەت بار يەردە ئادالەت بولىدۇ. چۈنكى دۆلەت بولغاندا قانۇن بولىدۇ ۋە قانۇن بار يەردە ئاندىن ئادالەت ئېنىقلىمىسى بولىدۇ. نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى قانۇن بەلگىلەيدۇ، شۇنداقلا قانۇننى دۆلەت تۈزىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا نېمىنىڭ ئادالەت ئىكەنلىكىنى دۆلەت بەلگىلەيدۇ. توماس خوببىس بۇ ئارقىلىق زامانىۋى دۆلەتنىڭ ئادالەت ۋە قانۇن سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كىتابتا ئىلگىرى سۈرۈلگەن سىياسىي ئىدىيە توماس خوببىس ياشىغان دەۋر بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پەن – تېخنىكا ئىنقىلابى، راتسىئونالىزىم (rationalism) نىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ياۋروپانى قاپلىغان قانلىق ئۇرۇش ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ ئەڭ يارقىن بەلگىسى ئىدى. بۇ كىتاب نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن دىكتاتورلۇقنىڭ تەشۋىقاتى ۋە ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن سىياسىي تۈزۈمنىڭ پەلسەپىۋى پىكىر مەنبەسى دەپ قارىلىدۇ. ئالدى بىلەن بۇ خىل باھانىڭ بەك خاتا ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىش توغرا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن خوببىس «لېۋىياتان» نى يېزىۋاتقان دەۋردىكى سىياسىي ئاتموسفېرا بىلەن بۇ ئەسەردىن كېيىن يازغان «ئۇزۇن پارلامېنت » (The Long Parliament(1681 ناملىق ئەسىرىنى تەھلىل قىلغان ۋاقتىمىزدا، يازغۇچىنىڭ كىتابتا سۆزلەنگەنلەرنىڭ تەشەببۇسچىسى ئەمەسلىكىنى[9] كۆرۈپ يېتىمىز . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خوببىس كىتابتا ئۆزىنىڭ ئىستىكىنى ئەمەس، بەلكى سىياسەتتىكى رېئاللىقنى ئوتتۇرىغا قويغان . يەنە بىر تەرەپتىن،«لېۋىياتان» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى پىكىرلەرنى بۈگۈننىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتكەن ۋاقتىمىزدا سەلبىي كۆرۈنگىنى بىلەن 16- ئەسىر دۇنياسى ئۈچۈن ناھايىتى دېموكراتىك ۋە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك پىكىرلەر ئىدى.

توماس خوببىس بۇ ئەسىرى ۋە سىياسەت ھەققىدىكى پىكىرلىرى سەۋەبلىك ئۆمۈر بويى ئەندىشە ئىچىدە ياشىغان، ھەتتا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا كەلگەندە، چېركاۋ ۋە پادىشاھ تەرىپىدىن ئۆزىگە كېلىۋاتقان خەتەردىن ئەندىشە قىلىپ نۇرغۇن يازمىلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئۇنى چېركاۋ ۋە پادىشاھنىڭ جاسۇسلىرى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، ھەتتا ئۇنى تىرىك كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك دەپ قارىغان.[10] ئۇنىڭ بۇ كىتابى (لېۋىياتان) ئەنگلىيە ۋە پۈتۈن ياۋروپادا چەكلەنگەن. لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنىڭ ئەسىرى سىياسەت نەزەرىيەسى ھەققىدە يېزىلغان ئەڭ ئېسىل ئەسەرگە ئايلانغان. شەك- شۈبھىسىزكى، بۈگۈن سىياسەت ئىلمى دېگەن ۋاقتىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەسەر دەل «لېۋىياتان» دۇر.

**ENDNOTES**

1 “(542) Thomas Hobbes 2-Hedef Platformu.” ، *YouTube*, Accessed March 10, 2021. https://www.youtube.com/watch?v=xV9L0ps2tDw&t=1269s.

2 Laird, J. “Hobbes on Aristotle’s “Politics”.” *Proceedings of the Aristotelian Society*, New Series, 43 (1942): 1-20. Accessed March 10, 2021.p2. http://www.jstor.org/stable/4544372.

3 Laird, J. “Hobbes on Aristotle’s “Politics”. P8

4 Vassilios Paipais, “First image revisited: human nature, original sin and international relations”, *Journal of International Relations and Development,* 22(3), (September 2016),DOI10.1057/s41268-016-0072-y

5 Thomas Hobbes, *De Cive*, edited by Bernard Gert (Garden City: 1972), 100.

6 Thomas Hobbes, Leviathan, edited by Michael Oakeshott, (Simon &Schutter, 1997), 96

7 “Hobbes, Thomas: Moral and Political Philosophy”, *Internet Encyclopaedia of Philosophy*, Accessed March 10, 2021. https://iep.utm.edu/hobmoral/#H2.

8 “(542) Thomas Hobbes 2-Hedef Platformu”, *YouTube*, Accessed March 10, 2021.

9 Kraynak, Robert P. “Hobbes’s Behemoth and the Argument for Absolutism.” *The American Political Science Review* 76, no. 4 (1982): 837-47. Accessed March 10, 2021. doi:10.2307/1962975.

10 “Hobbes, Thomas: Moral and Political Philosophy”, *Internet Encyclopaedia of Philosophy*, Accessed March 10, 2021. https://iep.utm.edu/hobmoral/#H2.

# دۇنيا تەرتىپى


**ئادىلجان ئەرئۇيغۇر**

ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىسى.

E-mail: eweting@gmail.com

دۇنيا تەرتىپى ئۇقۇمى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئۇقۇمغا ئايلاندى. بۇنىڭ سەۋەبىنى غەربنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى، خىتاي ۋە باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن غەربنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ۋە ئۇلار بەرپا قىلغان دۇنيا سىستېمىسىنى رەت قىلىشقا باشلىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ. يېڭى دۇنيا تەرتىپى مەسىلىسى ھەققەتەن دۇنيا دۆلەتلىرى يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان شۇنداقلا دۇنيا خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدىن ئىبارەت. كىسسىنگېرنىڭ مەزكۇر كىتابى، دۇنيا تەرتىپىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، قانداق تارىخىي ۋە سىياسىي جەريانلار باشتىن كەچۈرگەنلىكى ۋە مەۋجۇت ھالىتىمىزنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەتراپلىق، كەڭ دائىرىلىك ۋە تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئەڭ مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كىسسىنگېر خەلقئارا مۇناسىۋەت ساھەسىدىكى كىلاسسىك رېئالىزم ئېقىمىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخس بولۇپ، بۇ كىتابىمۇ كىلاسسىك رېئالىزم كۆز قارىشى بىلەن يېزىلغان. كىتاب چوڭ جەھەتتىن مەۋجۇت دۇنيا تەرتىپى قانداق بەرپا قىلىندى؟ ھازىرقى ھالىتى قانداق ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەندىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سوئالنى چۆرىدىگەن ئاساستا يېزىلغان. ئاپتور بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن كىتابىنى مەۋجۇت خەلقئارا سىستېمىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن 1648-يىلىدىكى «ۋېستفالىيە شەرتنامىسى» (the Treaty




دۇنيا تەرتىپى: ھېنرى كىسسىنگېر
تەرجىمە قىلغۇچى: مەۋلان تەگرىقۇت
تەرجىمە تەھرىرى: مەلىكەزادە
نەشر قىلغۇچى: نادىر 100 كىتاب
تارقاتقۇچى ئورۇن: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى،
نەشر قىلىنغان ئورۇن ۋە ۋاقىت: 2020 / ئىستانبۇل
باھاسى: 55 تۈرك لىراسى .

(of Westphalia) دىن باشلايدۇ. بۇ شەرتنامىدە بۈگۈنكى دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئىككى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن بەزى ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەن.

كىتاب مۇقەددىمە ۋە خاتىمە قىسمى بىلەن جەمئىي 11 بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىتابنىڭ ئالدىنقى ئىككى بۆلۈمى تارىخ شەكلىدە يېزىلغان. يەنى بۇ ئىككى بۆلۈمنى ياۋروپانىڭ مودېرن سىياسىي تارىخى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ بۆلۈملەردە ئاپتور ياۋروپانىڭ ئۆز ئىچىدىكى ۋە سىرتقى دۇنيادىكى دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت پرىنسىپى، بۇ پرىنسىپلارنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە كەمچىلىكلىرى ھەققىدە توختالغان. كىسسىنگېر ياۋروپانىڭ تاشقى سىياسەت پرىنسىپىنىڭ كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ پرىنسىپنى چۆرىدىگەن رېئال سىياسەتلەر ھەققىدە نۇر-غۇنلىغان قىممەتلىك دىپلوماتىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىگەن. ياۋروپانىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخى كىسسىنگېرنىڭ سىياسەت تەپەككۇرى بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىق، رېئال سىياسەتنىڭ ماھىيىتى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا كىتابنىڭ بۇ قىسمىنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان قىسمى دەپ قاراشقا بولۇشى مۇمكىن.

كېيىنكى بۆلۈملەردە ئىسلام مەدەنىيىتى، خىتاي مەدەنىيىتى، ياپونىيە ۋە ھىندى مەدە-نىيىتى شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرىدا (ئىككى بۆلۈمدە) ئامېرىكا قاتارلىقلارنىڭ دۇنيا تەرتىپى قارىشى ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان «خەلقئارا مۇناسىۋەت» تارىخى ھەققىدە توختالغان. تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى مەدەنىيەتلەرنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تارىخى ۋە بۇ خىل مۇناسىۋەت قارىشىنىڭ قايسى خىل قىممەت قاراش ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدە توختالغاندا ئىسلامنىڭ ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىگىچە بولغان سەلتەنەتلىك تارىخى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى قالايمىقانچىلىق تارىخىنى سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت راكۇرسىدىن چىقىپ تۇرۇپ بايان قىلغان. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە دۇنيا تەرتىپى قارىشىنى «دارۇل ھەرب» ۋە «دارۇل ئىسلام» ئۇقۇمى ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىسسىنگېر مۇسۇلمان دۆلەتلەردىن ئىران ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان. ئىراننىڭ رادىكاللىقىنى تىلغا ئالغان بولسا سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا تەسىر دائىرىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ چىقىرىۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ باشقا دۆلەت ۋە قوراللىق گۇرۇپپىلار بىلەن پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىنى ۋە غايەت زور سوممىدىكى پۇلنى بۇلار ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان. بۇلاردىن باشقا ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى ۋە ئىران سەفەۋى سۇلالىسىنىڭ شان- شۆھرەتلىك تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ ياۋروپا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردىكى مەغرۇرلىقىنى ئۇلارنىڭ ياۋروپالىقلارغا يازغان دىپلوماتىك مەكتۇبلىرى بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن.

كىتابتا يەنە خىتاي دۇنيا تەرتىپى ھەققىدىمۇ ناھايىتى تەپسىلىي توختالغان. قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ناھايىتى ھىيلىگەر ۋە مەنمەنچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. مەسىلەن: كىتابتا خىتايلارنىڭ «ياتلارنى يوقىتىشنىڭ بەش خىل تەدبىرى» ھەققىدە توختالغان.[1] خىتاينىڭ دۇنيا تەرتىپ ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت كۆز قارىشىنىڭ يادروسىنىڭ تيەنشيا (天下)

ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ كۆز قاراشقا ئاساسەن خىتاي بارلىق دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئۈستاز دەپ قارىلىشى، خىتاينى مەركەز دەپ بىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.[2] خىتاينىڭ دۇنيا تەرتىپى ھەققىدىكى يەنە بىر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇقتا بولسا، خىتايدا يېقىنقى زامانغىچە ھېچقاچان تاشقى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ بولۇپ باقمىغانلىقى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە ئاندىن باشقا دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەرنى باشقۇرىدىغان ۋازارەتنى تەسىس قىلغانلىقى ۋە بۇ ۋازارەتنى خىتاي ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تەۋە قىلغانلىقىدۇر. تېخىمۇ قىزىقارلىق بولغىنى، خىتايلار بۇ ۋازارەتنىڭ ئىسمىنى «دۇنيادىكى ھەممە دۆلەتلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋازارىتى» دەپ ئاتىغان[3] بولۇپ ، خىتاي باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھەر زامان ئۆزىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش خاھىشىنى يوشۇرمىغان.

ئامېرىكا دۇنيا تەرتىپى ھەققىدە توختالغاندا، كىسسىنگېر ئامېرىكانىڭ قىممەت قارىشى ۋە دۇنيادىكى رولىغا بولغان ئىجابىي پوزىتسىيەسىنى يوشۇرۇپ كەتمىگەن. ئامېرىكانى كىشىلەر ئىنتىلىدىغان ۋە ياشاشنى خالايدىغان شۇنداقلا ئۈلگە ئېلىش ئوبيېكتى قىلغان « قىيادىكى نۇرلۇق شەھەر» دەپ تەسۋىرلىگەن. ئامېرىكانىڭ دېموكراتىك قىممەت قارىشى ۋە بۇ قىممەت قاراشلارنى دۇنياغا يېيىشىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىجابىي تەسىرى ھەققىدە توختالغان. ئامېرىكانىڭ ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل كېلەچىكى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا تاشقى سىياسەتتە ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشى لازىملىقىنى، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى، ئامېرىكانىڭ سىياسىي مەنپەئەتى ۋە ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى مەركەز قىلىشى ۋە بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ناھايىتى دىققەت قىلىشى لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئامېرىكانىڭ غايىسىنىڭ زېمىن ئىشغال قىلىش ئەمەس بەلكى،دۇنيا ئىنسانلىرىغا ئەركىنلىك ئېلىپ كېلىش بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[4]

ئاپتور ئەڭ ئاخىرىدا يۇقىرى پەن – تېخنىكا دەۋرىدە دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى، ئامېرىكانىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى ئاسىيانىڭ ۋە خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن مەۋجۇت دۇنيا سىستېمىسىنىڭ خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ۋە بۇنداق ئەھۋالدا ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان يېڭىچە دۇنيا تەرتىپى قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىڭ بار – يوقلۇقى ھەققىدە توختالغان. كىتابتا بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرىلمىگەن. لېكىن بۇ دەۋردە ھەممىباب قىممەت قاراشنى پۈتۈن دۇنياغا قوبۇل قىلدۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، لېكىن ئامېرىكىنىڭ ھەر قانچە تەھدىت ۋە خىرىسلارغا دۇچ كەلسىمۇ، ھازىر تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان قىممەت قاراشلىرىدىن قەتئىي ۋاز كەچمەسلىكى لازىملىقى، شۇنداقلا ھەممە دۆلەتلەر قوبۇل قىلىدىغان دۇنيا تەرتىپى ئورنىتىش ئۈچۈن، ھەممە مەدەنىيەتلەر قوبۇل قىلالايدىغان پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىش ئارقىلىق يېڭىچە دۇنيا تەرتىپى قۇرۇپ چىقىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**ENDNOTES**

1 ھېنرى كىسسىنگېر، مەۋلان تەخرىقۇت (تەرجىمە)، دۇنيا تەرتىپى، (ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى،2020 - يىلى)، 319- بەت

2 يۇقىرىقى ئەسەر، 317 - بەت.

3 يۇقىرىقى ئەسەر، 318 - بەت.

4 يۇقىرىقى ئەسەر، 484 - بەت


كىتاب تونۇشتۇرۇش (Book Review)

# ئىجتىمائىي پەنلەردە تەتقىقات ئۇسۇللىرى


**مۇھەممەدئەلى ئورخۇن**

ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ پەنلىرى دوكتورانتى.

E-mail: koltigin1127@gmail.com


ئىجتىمائىي پەنلەردە تەتقىقات ئۇسۇللىرى:

پىروفېسسور دوكتور ئورھان تۈركدوغان

پىروفېسسور دوكتور ئورھان گۆكچە،

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىلجان ئەرئۇيغۇر

نەشر قىلغۇچى: نادىر 100 كىتاب

تارقاتقۇچى ئورۇن: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى،

نەشر قىلىنغان ئورۇن ۋە ۋاقىت: 2020 / ئىستانبۇل

باھاسى: 50 تۈرك لىراسى .

ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىنى باشقا يازمىلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىك قوللىنىلغان تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە مېتودىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدۇر. بۈگۈنكى ئاكادېمىك دۇنيادا بولسا تەتقىقاتلارنى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىش ئاللىبۇرۇن تەكىتلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغان، ھەممە بىلىدىغان قائىدىگە ئايلاندى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئەسەرنى ئىلمىي بولماپتۇ، دېگەن ۋاقتىمىزدا ئادەتتە ئۇ ئەسەرنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىدا مەسىلە بارلىقىنى كۆزدە تۇتقان بولىمىز.

ئادىلجان ئەرئۇيغۇر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «ئىجتىمائىي پەنلەردە تەتقىقات ئۇسۇللىرى» ناملىق كىتاب، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەتقىقات مېتودى ھەققىدە يېزىلغان، دائىرىسى كەڭ بولغان قورال خاراكتېرلىك كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتاب بۇ ساھەدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان تۇنجى ئەسەر بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەزكۇر كىتابنىڭ بۇ ساھەدە يېزىلغان باشقا تىلدىكى كىتابلارغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ تۈركلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇللىرىنىڭمۇ تونۇشتۇرۇلۇشىدۇر. بۇلارنى كىتابنىڭ 10، 11 ۋە 12 - بابلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن كىتابنىڭ 11 - بۆلۈمى ئوسمان ئىمپېرىيەسى ۋە ئۇ دەۋردىكى بىلىم ئۈچۈن ئايرىلغان.

كىتاب جەمئىي 12 بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ


يېزىش ئۇسلۇبى جەھەتتە تارىخ ۋە تۈرگە ئايرىش مېتودى قوللىنىلغان. يەنى بىلىم ئوتتۇرىغا چىققان 1500 - يىللاردىن كۈنىمىزگىچە بولغان جەريان تارىخىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەلۇم مەنىدىن قارىغاندا بۇ ئەسەرنى ھەم بىلىم ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ تارىخى شۇنداقلا تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ ئۆزى تونۇشتۇرۇلغان ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. كىتابنىڭ پۈتۈن مەزمۇننى بىلىم تارىخى، بىلىم (science) مېتودىنىڭ ئىجتىمائىي پەنگە تەتبىقلىنىشى ، ئىلمىي تەتقىقات تۈرلىرى ۋە مېتودلىرى ۋە غەرب مەركەزلىك بولمىغان تەتقىقات ئۇسۇلى قاتارلىق تۆت چوڭ بۆلەككە ئايرىشقا بولىدۇ.

كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى بىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ھەر قايسى مەدەنىيەتلەردە نېمىنىڭ بىلىم دەپ قارالغانلىقى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ بۆلۈمدە بۈگۈن پۈتۈن دۇنيا تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ۋە ياۋروپادا 15- ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن غەرب مەركەزلىك بىلىمنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى، باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ غەرب ئىلىمنىڭ بارلىققا كېلىشىگە قايسى جەھەتلەردىن تەسىر كۆرسەتكەنلىكى شۇنداقلا ئىسلام ۋە خىرىستىيان دىنىدا نېمىنىڭ بىلىم دەپ قارىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى بۆلۈمدە بىلىمنىڭ ئىلمىي مېتودىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەڭ بۇرۇنقى ئېقىملاردىن بىرى بولغان ۋىيېننا ۋە فىرانكفورد ئېقىمى تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ بۆلۈمدە بىلىمنىڭ ئىلاھىيەتتىن ئايرىلىش جەريانى ۋە سەۋەبى سۆزلىنىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا كارل پوپپېر (Karl Popper) نىڭ بىلىم ھەققىدىكى مەشھۇر «ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولۇشى» (falsifiable) كېرەكلىكى كۆز قارىشى بايان قىلىنىدۇ.ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى بۆلۈملىرىدە بولسا بىلىم ۋە ئىدېئولوگىيە مۇناسىۋىتى، « بىلىمنى ئىسلاملاشتۇرۇش» تىرىشچانلىقلىرى شۇنداقلا ئىنسان ۋە كائىنات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى پەلسەپەۋى مۇنازىرىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ بۆلۈمدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى، مەلۇم ئىدېئولوگىيەگە ساھىب بولغان كىشىنىڭ بىلىم ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەتنىڭ قىممەت قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىدۇر.

ئاپتور ئالتىنچى بابتا تەبىئىي پەن ۋە ھېرمونىتىك ئۇسۇلىنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئۇسۇلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە توختىلىدۇ. بۇ بابنى بۇ كىتابنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئۇسۇللىرىغا كىرىش قىسمى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەر ھەققىدىكى ھازىرغىچە ھەل بولماي كېلىۋاتقان تالاش – تارتىشلاردىن بىرى، تەبىئىي پەن تەتقىقات ئۇسۇلىنى ئىجتىمائىي پەنلەردە قوللىنىشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىدۇر. بۇ بۆلۈم بۇ ھەقتە توختىلىدۇ ۋە ھېرمونىتىك ئۇسۇلىنىمۇ بۇ مۇنازىرىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىش ئارقىلىق دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن مۇنازىرىنىڭ ئاساسلىق لىنىيەسىنى سىزىپ چىقىدۇ شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كاللىسىدا ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا يۇقىرىقى ئىككى خىل مېتودنى قايسى دەرىجىدە قوللىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە شەكىللەندۇرىدۇ.

يەتتىنچى ۋە سەككىزىنچى باب مەخسۇس تەتقىقات مېتودلىرى ،بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىلەر، ئۇلارنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە قوللىنىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە بولۇپ ( ئىلمىي ماقالە يازغۇچى تەتقىقاتچىلار ۋە ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسى يازغۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش)




ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن مۇھىم بولغان قورال خاراكتېرلىك بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

توققۇزىنچى بابنى ئەڭ قىسقا لېكىن ئەڭ قوللىنىشچان بىر باب دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ بابنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بىر ئىلمىي ماقالە قانداق يېزىلىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بۇ بۆلۈمدە بىر ئىلمىي ماقالىنىڭ قانچە بۆلەككە ئايرىلىدىغانلىقى ، قانداق سوئاللارنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىلىپ بېرىلىشى لازىملىقى سۆزلىنىدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ بۆلۈم بۇ كىتابنى، بۇ تۈردە كەڭ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان كىتابلاردىن پەرقلىق قىلغان قىسمى بولۇپ، بۇلارنى «غەرب مەركەزلىك بولمىغان» تەتقىقات ئۇسۇللىرى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا قوللىنىلىدىغان تەتقىقات مېتودلىرىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسىدە بۇ بۆلۈملەر يوق.

بۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق سەۋەبى بار، ئەلۋەتتە. مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى غەرب مەركەزلىك بولمىغان نەزەرىيەلەرنىڭ تېخىچە ھەقىقىي تەرەققىي قىلىپ مۇستەقىل بىر مېتودنى بارلىققا كەلتۈرەلمىگەنلىكىدۇر. لېكىن بۇ ھەقتىكى مۇنازىرە ۋە غەربلىك بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ھەققىدە قانداق كۆز قاراشقا ئىكەنلىكىنى بىلىش تولىمۇ مۇھىمدۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا مەزكۇر كىتابنى بىر پۈتۈنلۈك تەشكىل قىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ بۆلۈملەردە ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىلىم دۇنياسى ۋە غەرب مەدەنىيەتىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى، تۈرك مەدەنىيتى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات مېتودى ۋە ئۇنىڭ غەربلىشىش جەريانى بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە ئىبىن خەلدۇن ، ئىمام غازالى ۋە زىيا گۆكئالپ قاتارلىقلارنىڭ تارىخ، ئىجتىمائىي پەن ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق مېتودلىرى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

باشقا تىللاردا ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئۇسۇللىرى ھەققىدە نۇرغۇن ماتېرىياللار مەۋجۇت. گەرچە يېزىش ئۇسۇللىرى پەرقلىق بولسىمۇ ئەمما سۆزلىنىدىغان ئاساسىي مەسىلىلەر ۋە مېتودلار بىر – بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بۇ كىتابقا ئوخشاش، بۇ ساھەدە بىر ماتېرىيالنىڭ بولۇشى زور ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىلمىي ئەسەر يارىتىش ۋە يېزىقچىلىق سەۋىيەسىنى ئىلمىي ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەزكۇر كىتابنىڭ ناھايىتى چوڭ رولى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاكادېمىك ساھەدىكىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار بۇ كىتابنى ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ماتېرىياللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قوللانسا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە بولالايدۇ.

## ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنىدىغان ماقالىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر:

قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالىلەرنىڭ تىلى پەقەت ئۇيغۇر تىلىدا ۋە ئەرەب ھەرپلىرىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدا بولىدۇ.

**قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالىلەرنىڭ ساھەسى:**

1. سىياسەت، خەلقئارا مۇناسىۋەت، تارىخ، قانۇن، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىساد ۋە مېدىيا ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ماقالىلەر بولۇشى لازىم. (ئەسكەرتىش: ئەدەبىي تۈس ئالغان ھېكايە، پوۋېست، شېئىر، قوشاق ۋە نەسىرلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ. توغرا چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.)
2. يۇقىرىقى ساھەلەرگە تەۋە ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولغانلار چەت ئەل تىلىدىكى شۇ ماقالىنى باشتا ژۇرنالنىڭ ئەسەرلەرنى باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، تەرجىمە قىلىپ بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەۋەتىشى لازىم.
3. ماقالىلەرنىڭ چوقۇم ئاستىدا بەلگىلەنگەن ئاكادېمىك مېتود ۋە قېلىپقا چۈشكەن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ .
4. ماقالىنىڭ مەزمۇن ۋە ئىلمىي ئۆلچەم جەھەتلەردىن ژۇرنالغا لايىق بولغان ياكى بولمىغانلىقى باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن قارار قىلىنىدۇ. لايىق بولمىغانلىرى قايتۇرۇلۇشى ياكى تۈزىتىلىش ئۈچۈن ئەسەر ئىگىسىگە ئەۋەتىلىدۇ.
5. ھەر پەسىللىك سانىنىڭ بەلگىلىك بەت سانى بولۇپ، ئۆلچەمگە لايىق بولغان، لېكىن ھەجىم سەۋەبلىك شۇ مەزگىللىك سانغا كىرگۈزۈشكە مۇمكىن بولمىغان ماقالىلەر كېيىنكى ساندا ئېلان قىلىنىدۇ. ئەگەر ئەسەر ئىگىسى خالىمىسا، باشقا ژۇرناللاردا ئېلان قىلىسىمۇ بولىدۇ.
6. ھەر ساندا ئەھۋالغا قاراپ ئىككىدىن بەشكىچە كىتاب تونۇشتۇرۇش ماقالىسى (book review) ئېلان قىلىنىدۇ. كىتابنىڭ ساھەسى يۇقىرىدا بەلگىلەنگەن ماقالىنىڭ ساھەسى بىلەن ئوخشاش ساھەگە تەۋە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ . بەت سانى ئىككى بەتتىن تۆۋەن، بەش بەتتىن يۇقىرى بولماسلىقى لازىم. كىتاب تونۇشتۇرۇش ماقالىسى (book review) نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغىمۇ ئاكادېمىك ئۆلچەم قويۇلىدىغان بولۇپ، قانداق يېزىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان (book review) لار ئۈرنەك قىلىنسا بولىدۇ.
7. ماقالە ئەۋەتكۈچىنىڭ سىياسىي مەيدانى، ئىدېئولوگىيەسى ۋە كۆز قاراشلىرىغا چەك قويۇلمايدۇ.

**ژۇرنىلىمىز قوبۇل قىلىدىغان ماقالىنىڭ شەكىل ۋە قېلىپ جەھەتتىكى ئۆلچەملىرى**

1. ماقالىنىڭ ماۋزۇسى؛
2. ئاساسى مەزمۇنى (يىگىرمە بەتتىن كۆپ بىر بەتتىن ئاز بولۇشى لازىم)؛
3. ئاچقۇچلۇق سۆزلەر؛
4. بۇنىڭدىن كېيىن ماقالىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى يېزىلىدۇ: ئومۇمىي گەۋدە كىرىش (كىرىش سۆز)، ئاساسلىق مەزمۇن ۋە خۇلاسىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمغا ئايرىلىشى لازىم. (ماقالىنىڭ قېلىپلىرى ھەققىدە ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ ساندا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئۈرنەك قىلىنسا بولىدۇ.)
5. مەنبە كۆرسىتىش ( دىپنوت ۋە رىفرانس) ھەققىدە:
6. مەنبەلەردە بىردەك Chicago Manual of Style 17th Edition (full note) قوللىنىلىدۇ. (مەنبە كۆرسىتىش قېلىپى ھەققىدە ئىنستىتۇتىمىزنىڭ تور بېتىدىكى تۆۋەندىكى كۆرسەتمىلەرنى ئوقۇسىڭىز بولىدۇ:
https://www.uysi.org/ug/xelqara_weziyet__we_sherqiy_turkistan)



# خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان

شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ نۆۋەتتىكى خەلقئارا ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ تېخىمۇ مۇرەككەپ ھالدا كېلىدىغانلىقى شەكسىزدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېنستىتۇتىمىز تەرىپىدىن چىقىرىلىشقا باشلىغان «خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان» ناملىق ژۇرنىلىمىزدا خەلقئارانىڭ ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئىلمىي جەھەتتىن ئانالىز قىلىنىش ئارقىلىق، مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنى يورۇتۇپ بېرىلىش بىلەن بىرگە، ھەل قىلىش يوللىرى ۋە چارىلىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. شۇنداقلا يېڭى دۇنيا تەرتىپىنىڭ تەگپۈگلۈقىنى ئىلمىي جەھەتتىن چۈشىنىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك تەقدىرىنى قولغا ئېلىشنىڭ يولىنى ئىزدەيدۇ.

2021 - يىللىق 1 - سان

www.uysi.org
info@uyis.org

0(312)-419 88 83

Kızılay İzmir 1. Cad. No:33  D:27, 06420
ÇANKAYA / ANKARA